"ئەتىگەنكى قۇياش" — ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11-بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# پۇشكىن

ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى



مىللەتلەر نەشرىياتى

翻　　　译　安尼玩·买买提
责 任 编 辑　热沙来提阿不拉
责 任 校 对　赛比耶·艾合太木
民文封面设计　吾要



ISBN 978-7-105-10175-7
9 787105 101757 >
定价：6.00元

"ئەتىكى قۇياش"ـــ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11 ـ بەش يىللىق پىلان" مەزگىلدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# پۇشكىن

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ باللار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

本书根据中国少年儿童出版社 2006 年 4 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر- بالىلار نەشرىياتى 2006- يىل 4- ئايدا نەشر قىلغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا

مەسئۇل كوررېكتور:سەبىيەم ئەختەم

# پۇشكىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 2.625 |
| سانى | : | 0001-3000 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10175-7/I.2059（维 291）

**图书在版编目(CIP)数据**

普希金：维吾尔文/（俄罗斯）普希金著；安尼玩·买买提译.—北京：民族出版社，2009.7
（托起明天的太阳.文学大师启蒙读本）
ISBN 978-7-105-10175-7

Ⅰ.普… Ⅱ.①普…②安… Ⅲ.童话—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I512.88

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第119730号

**责任编辑**：热沙来提阿不拉
**责任校对**：赛比耶·艾合太木
**出版发行**：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
**社　　址**：北京市和平里北街14号　邮编：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京艺辉印刷有限公司
**版　　次**：2009年7月第1版　第1次印刷
**开　　本**：850×1168毫米 1/32
**印　　张**：2.625
**印　　数**：0001-3000
**定　　价**：6.00元

ISBN 978-7-105-10175-7/I.2059（维291）

## مۇندەرىجە

ئالتۇن خورازنىڭ ھېكايىسى ........................... 1
بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ...................18
مەلىكە بىلەن يەتتە پالۋان..............................43

# ئالتۇن خورازنىڭ ھېكايىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە، بىپايان ياۋروپا-ئاسىيا تۈزلەڭلىكىدە توپ-توپ قوي-كالىلار ئوتلايدىكەن، سېپىل-قورغانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. بۇ زېمىندا ياش بىر ھۆكۈمران غەيرەتكە كېلىپ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرماقچى بوپتۇ، ھە دېگەندە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، كەڭرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دارتون چار پادىشاھلىقىنى قۇرۇپتۇ.

دارتون ئۆزىنىڭ بارغانچە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوشنا ئەللەرنى پەقەت كۆزىگە ئىلماپتۇ، دائىم ئەسكەر باشلاپ بېرىپ باشقا ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن. دارتوننىڭ چوڭ ئوغلى بىر قېتىم قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ، كۈن بويى يىغلاپ توختىماپتۇ، خاننىڭ دوختۇرى داۋالاپ باقسىمۇ ئانچە ئۈنۈمى بولماي، خاننى ئىنتايىن بىسەرەمجان قىلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، شەرقتىكى شاما دۆلىتىدىن خان مەلىكىنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرى كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دارتون خان ئوغلىنىڭ كېسىلىنى شاما



مەلىكىسىنىڭ شۇملۇقىدىن كۆرۈپ، "مەلىكە شاھزادىنىڭ بەختىگە ئۆلتۈردى" دەپتۇ ۋە ئۇن تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ شاما شەھىرىگە كىرىپ، شاما ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ، پادىشاھنى

ئۆلتۇرۇپ، خانىش ۋە مەلىكىنى چەت ئۇرمانلىققا سۈرگۈن قىلىۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئىككى شاھزادە قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىتلەردىن بولۇپ يېتىلىپتۇ، دارتون خان قېرىپ، ئارمانىغا چۈشلۈق دەرمانى قالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھوقۇق-سەلتەنەتنى مۇشۇ يەرگىچە يۈرگۈزۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم، راھەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەن قوشنا ئەللەر ئاستىرتتىن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭ زېمىنىغا پاراكەندىچىلىك سېپتۇ، ھېلى شەرقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنسا، ھېلى غەربتىكى قورغانلار قورشاۋدا قالىدىكەن، ياكى جەنۇبتىكى ئاشلىق ئامبارلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىدىكەن... بۇنىڭدىن دارتون خان ئېغىر زەربىگە ئۇچراپتۇ. گەرچە شاھزادە ۋە قوماندانلار تۆت تەرەپتىن كۆچەپ تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا ئاخباراتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ناھايىتى ئاستا بولغاچقا، خان ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن ناھايىتى كېچىكىپ خەۋەر تېپىپتۇ؛ يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەمنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، ھەممىسى بىكار كېتىپتۇ! بىر مەھەل سەلتەنەت سۈرگەن دارتون خان ئەمدى سەل پۇشايمان قىلىپتۇ، دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىۋېلىپ، مانا ئەمدى تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەس بولۇۋاتقىنىغا ئۆكۈنۈپتۇ.

جىددىيلىشىپ گاڭگىراپ قالغان دارتون خاننىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، مىجەزى ئوساللىشىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ۋە ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شىكارغا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشنى، جەڭ ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشنى، بۇ ئىشنى شاھزادە ۋە ۋەزىرلەرگە

تاپشۇرۇشنى نەسىھەت قىلىپتۇ. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن چار پادىشاھ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، بىر قىسىم قورۇقچىلىرى ۋە ئوۋ ئىتلىرىنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ.

دارتون خان بىپايان دالىدا ئات چاپتۇرۇپ، چۇقان-سۈرەن سېلىپ، ئۈچ پۇشۇقىنى چىقىرىپتۇ. ئاخىرى ئېتى ھېرىپ قېلىپ، بىر سۈزۈك ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپتۇ. دارتون ئېرىق بويىدا ئۇخلاپ قاپتۇ؛ چۈشىدە بوۋىسىنى كۆرۈپ، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى دەردلىرىنى تۆكۈپتۇ ھەمدە بوۋىسىدىن ئۆز خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. بوۋىسى ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەم ئويلىنىپتۇ، ئېرىق سۈيى كېلىۋاتقان تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، گەپ-سۆز قىلماي كېتىپ قاپتۇ.

دارتون خان ئويغىنىپ، بوۋىسى كۆرسەتكەن ياققا مېڭىپ ئېرىقنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپتۇ. بۇ يەر ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئوتلاق ئىكەن، بۇ يەردە چاچ-ساقاللىرى ئاپئاق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر دانىشمەن مىيىقىدا كۈلۈپ، ھاسىسىنى تۇتۇپ ئاجايىپ قىياپەتتە ئولتۇرغۇدەك. دارتون خان بۇ مويسىپىتنى بىر كۆرۈپلا بوۋىسى ئېيتقان ئادەمنىڭ مۇشۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياردەم سوراپتۇ. دانىشمەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قويىنىدىن ۋىجىككىنە بىر رەڭدار ئالتۇن خورازنى چىقىرىپ، پەيلىرىنى



سلاپ، تاجىنى مىجىپ قويۇپ، چار پادىشاھقا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپتۇ: ”بۇ ئالتۇن خوراز ھەر قانداق جايدا يۈز بەرگەن جەڭنى كۆرەلەيدۇ، ساڭا سادىق خەۋەرچى بولالايدۇ. ئەگەر دۆلەت سىرتى تىنچ بولسا، ئۇ شۇ يەردىكى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ جىم تۇرىدۇ. ئەگەر سىرتتىن كەلگەن ئۇرۇش ئاپىتىگە، مەسىلەن، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىساڭ، ئۇ دەرھال سەگەكلىشىپ، تاجى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ-دە، قاتتىق چىللاپ قاناتلىرىنى قاقىدۇ؛ جەڭ يۆنىلىشىگە بۇرۇلۇپ، قاياققا ئەسكەر ئەۋەتىشىڭ كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە كېلىپ خوراز قانچىكى قاتتىق چىللاپ قاناتلىرىنى قاقسا، دۈشمەنلەر شۇنچە ۋەھشىي بولغان بولىدۇ. سەن مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن لەشكەر يۆتكىسەڭ بولىدۇ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئاتلانمىساڭمۇ بولىدۇ.“ دارتون خان بۇ ئاجايىپ خورازغا قاراپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، ئۇنى ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى جۇش ئۇرۇپتۇ ۋە دانىشمەنگە دەرھال بەدەل تۆلەش شەرتىنى جاكارلاپ:

— ”ماڭا قىلغان بۇنچە ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مەن ئەڭ مۇھىم ئارزۇيۇڭنى قاندۇرىمەن، سەن قاچانلا بولسۇن ماڭا تەلىپىڭنى ئۇدۇل ئېيتىۋەر، مەن ئۇنى چوقۇم قاندۇرىمەن!“ دەپتۇ. دانىشمەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئەستايىدىل ھالدا: ”سەن ۋەدەڭنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتساڭ، ئىشەنچىڭنى ھەرگىز يوقىتىپ قويمىساڭلا، بۇ ئالتۇن خوراز سېنىڭكى“ دەپتۇ-دە، خورازنى چار پادىشاھقا بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

دارتون خان خورازنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا سىغمىغان ھالدا ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ، ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۇستا بىر ھۇنەرۋەننى چاقىرىپ خورازغا چىرايلىق كاتەك ياسىتىپ، چىگرا ئەھۋالىدىن

ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇ ئوغۇللىرى ۋە ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئالتۇن خورازنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى بىر قۇر ماختاپ، ئۇلارنى بۇ ئالتۇن خورازنى چوقۇم ھۆرمەتلەشكە بۇيرۇپتۇ.

ئالتۇن خوراز دارتون خان ئوردىسىدا ماكانلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئەتىگەندىن-كەچكىچە كاتەكتە قەددىنى كېرىپ، يىراقتىكى چېگراغا قاراپ تۇرىدىكەن.



بىر كۈنى خورازنىڭ تاجى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ، قاناتلىرىنى جىددىي قېقىشقا باشلاپتۇ ۋە جەنۇبقا قاراپ ”قى-قى-قىق“ دەپ چىللاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، چار پادىشاھ چوڭ شاھزادىنى بەش تۈمەن خىللانغان قوشۇننى باشلاپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ؛ قوشۇن جەنۇبقا مېڭىۋېرىپ، تاشقى كافكازىيە سەردارىنىڭ ھە دەپ ئاشلىق ۋە ماللارنى بۇلاۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە

كېلىپ قاپتۇ، بۇ بىر توپ ئالىقاپلار قانداقمۇ شاھزادىگە تەڭ كېلەلىسۇن، ئۇلار ئىككى پەشۋا يەپلا چېدىر، ئاشلىق قاتارلىق غەنىيمەتلىرىنى تاشلاپ ئالدىراپ قېچىشىپتۇ. شاھزادە ئالتۇن خورازنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىقتىدارىغا قايىل بولۇپ، ئاجايىپ ھېسسىياتلار بىلەن ئاستانىگە قايتىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دارتون خان ئالتۇن خورازنىڭ ياردىمىدە قورقماي لەشكەر تارتىپ، ھەر ياقتا جەڭ قىلىپ، قوشنا ئەللەرنىڭ ھۇجۇمىنى بېسىقتۇرۇپتۇ.

ئالتۇن خورازنىڭ تۆھپىسىنى بىلگەن قوشنا ئەللەر ئالدىراپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماپتۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە دارتون خان كۆڭلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ، پۈتۈن مەملىكەت تىنچلىققا، باياشاتلىققا چۆمۈپتۇ، قوشنا ئەللەر بۇ مەملىكەتكە يەنە بىر-بىرلەپ مال تارتۇق قىلىشقا باشلاپتۇ.



دارتون خان نەغمە-ناۋا، ئەيش-ئىشرەتتە يۈرۈپ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئالتۇن

خوراز توساتتىن ”قى-قى-قىق“ دەپ چىللاپ كېتىپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ قانداقتۇر چوڭ ئەنسىزلىك ۋە ئەندىشە بىلەن قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك قاتتىق چىللاپ، قاناتلىرىنى بۆلەكچە شىددەتلىك قېقىپتۇ، بۇنداق ئەھۋال ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىكەن. دارتۇن خان بۇنىڭغا سەل قارىماستىن ۋەزىرلىرىنى دەرھال يىغىپ، قارشى تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىپتۇ.

ئالدىراڭغۇ ھەم قارام مىجەزلىك چوڭ شاھزادە ئاكتىپلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ، ئۆزىگە بەك ئىشەنگەن ۋە دۈشمەننى مەنسىتمىگەن ھالدا: ”خان ئاتا، ئالتۇن خورازنىڭ چىللىشىدىن قارىغاندا، بىزگە بويسۇنغان شەرقىي شاما خانلىقىدا توپىلاڭ چىققان ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئايال پادىشاھى بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا ئۆلگەن بولۇپ، تاغ ئورمانلىقلىرىدا يۈرۈۋاتقان بىر سېرىق تۈلكە قىز ئۇنىڭ ۋارىسى ئىكەن، لەشكىرىي كۈچ ياكى بايلىق جەھەتتىن بولسۇن ئۇ قىز بىز بىلەن ھەرگىز تەڭلىشەلمەيدۇ. ئەگەر سىلى خاتىرجەم بولالمىسىلا، مېنى ئۈچ تۈمەن ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئۇ يەرگە ئەۋەتىپ، بىر قېتىم جاھان سۈرگىلى قويسىلا!“ دەپتۇ. دارتۇن خان شاھزادىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى ئۈچ تۈمەن ئەسكەر بىلەن شاما خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ ۋە ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم جەڭ مەلۇماتى يوللاپ تۇرۇشقا ئۇنىڭدىن ۋەدە ئاپتۇ.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، قوشۇندىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىگەچكە، چار پادىشاھ ئەنسىرەپتۇ. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، شەرقىي شاما خانلىقىدىن يەنە خەۋەر كەلمەي، دارتۇن خان سەپرالىشىپ كېتىپتۇ. سەككىزىنچى كۈنىگە كەلگەندە جەڭگاھتىن يەنىلا ھېچقانداق خەۋەر يوق، دارتۇن خان ئولتۇرالماي قاپتۇ، مىجەزى ئېغىر ئىككىنچى شاھزادىنى دەرھال

چاقىرىپ، يەنە ئۈچ تۈمەن چەۋەنداز بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ.

يەنە سەككىز كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، چوڭ شاھزادىدىن خەۋەر كەلمەيلا قالماستىن، كىچىك شاھزادىدىنمۇ ھېچقانداق خەۋەر بولماپتۇ. بۇ چاغدا ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ۋە ساداقەتمەن خوراز يەنە ئەسەبىيلىك بىلەن "قى-قى-قىق" دەپ چىللاپ كېتىپتۇ. ئۇ شەرق تەرەپكە قاراپ چىللاۋېرىپ ھەم سەكرەۋېرىپ، چار پادىشاھنى پاراكەندە قىلىپلا قالماستىن، ۋەزىر-ۋۇزرا، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئەنسىز قىلىۋېتىپتۇ، قانداقتۇر چوڭ بىر بالا-قازا يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ.



قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك كۈنسېرى كۈچىيىپ، دارتون خان ئاخىرى ئولتۇرالماي قاپتۇ ۋە ئۆزى شاما خانلىقىغا قوشۇن باشلاپ

بىرىشنى قارار قىلىپتۇ؛ ئىشنى پۇختا باشلاپ، ئۇن سانغۇننى ئۆزى بىر قوللۇق تاللاپ، ھەر بىرىنى بىر تۈمەن قوغدىغۇچى لەشكەرگە قوماندان قىلىپ، ھەيۋەت بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلىپتۇ.

ئۇلار شاما خانلىقىغا يېقىنلىشىپ قاپتۇ، تونۇش كۆرۈنگەن بۇ زېمىن ئەينى ۋاقىتتا دارتون خان ئۆزى قوشۇن تارتىپ بارغان جاينىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. ئەمما ھازىر بۇ جاي بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، جەڭگاھقا ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن؛ ھەممە ياق ئۆلۈكتەك جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ، بارىگاھلار، ئۆلۈكلەر ۋە تۆكۈلگەن قانلارنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

دارتون خان قوشۇننى بىر تاغ ئورمانلىقىغا باشلاپ كىرىپ ھەممە ياقنى ئاختۇرۇپتۇ، بۇ تاغ ئورمانلىقى شاما خانلىقى مەلىكىسى قېچىپ يۈرگەن جاي ئىكەن. دارتون خاننىڭ قوشۇنلىرى ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ، قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە ياۋا قۇشلار پات-پات قورقۇپ ئۇچۇشۇپتۇ. بۇ ئەسنادا ھېچكىم گەپ قىلماي، ئۆزلىرىنى نىمە قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەستىن، بىر-بىرىگە يېتىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. قوشۇن ئاخىرى بىر تاغ جىلغىسىغا كېلىپ توختاپتۇ، جىلغىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىدە بىر يىپەك چېدىر بولۇپ، ئۇنىڭ



ئەتراپىدىكى جىمجىتلىق ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىكەن، جەڭدە ئۆلگەن لەشكەرلەر چېدىرنى چۆرىدەپ نەچچە رەت يېتىشىپ، "ھەيۋەتلىك" مەنزىرە ھاسىل قىلىپتۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۆلگەن لەشكەرلەر دارتون خاننىڭ لەشكەر فورمىسىنى كىيگەن، دارتون خانغا سادىق چەبدەس لەشكەرلەر ئىكەن! دارتون خاننىڭ يۈرىكى لەختە قان بولۇپتۇ، بۇ سىرلىق، قورقۇنچلۇق چېدىرغا ئالدىراپ مېڭىپتۇ.



ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان مەنزىرە نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق-ھە! ئۇنىڭ ئىككى باتۇر ئوغلى بىر-بىرىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر تىققان بولۇپ، كۆزلىرىدە ئازراق پۇشايمان ئەكس ئېتىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىنى سېلىپ تاشلىۋەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەنلىكى ئېنىق ئىكەن. دارتون خان قاتتىق قايغۇرۇپ: "ئاھ، جېنىم باللىرىم، مېنىڭ بۈركۈتۈم، مەن نېمىدېگەن بەختسىز-ھە! سىلەر قانداق بولۇپ دۈشمەننىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كەتتىڭلار، بۇ نېمە ئۈچۈن! تەڭرىم مېنى نېمىشقا بۇنداق جازالايدىغانسەن، ئالساڭ مېنىڭ جېنىمنى ئېلىپ ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەر!" دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ، بارلىق قوماندان ۋە لەشكەرلەر ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپتۇ، ئۆلۈكتەك جىمجىت جىلغا يىغا-زارە، داد-پەريادلار بىلەن زىل-زىلىگە كەپتۇ.

شۇ چاغدا چېدىرنىڭ ئىچىدىكى پەردە تۇيۇقسىز قايرىلىپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر نازۇك بەدەن، ئاندىن ساھىبجامال چىراي كۆرۈنۈپتۇ، پەرىزاتتەك چىرايلىق بىر قىز يېنىك دەسسەپ چىقىپ كەپتۇ؛ جەزىبىلىك، مۇلايىم بېقىشلىرى بىلەن پادىشاھنى قارشى ئاپتۇ. دارتون خان ئۆز جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ، ئوغۇللىرىنىڭ ئۆلۈمىنى، ماتەم قايغۇلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ؛ بۇ گۈزەل قىزغا گەپ-سۆزسىز، سەۋدالارچە قاراپ تۇرغىنىنىلا بىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن! قىز باشتا ئېغىز ئېچىپتۇ:



— سەن نامى مەشھۇر دارتون خان بولامسەن؟

دارتون خان ئېسىگە كېلەلمەپتۇ، قىزغا تىكىلىپ قاراپلا تۇرۇپتۇ، خىيالىي ھالدا "ھەئە..." دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز بۇنى كۆرۈپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپتۇ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىدىغانلا ئالىيلىرى؟

— بىلمەيمەن، مېنىڭچە سەن ھۆر-پەرىدەكلا قىلىسەن! — دەپتۇ خۇدىنى يوقاتقان دارتون خان.



— مەن شاما خانلىقىنىڭ پادىشاھى، ئالىيلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىسى، ئالىيلىرى بۈگۈن بىر كۈن بولسىمۇ يۈزۈمنى قىلىپ ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغايلا! — دەپلا چار پادىشاھنى ئىچىدىكى چېدىرغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قىز ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ئاندىن بىر تەخسە يېگى مېۋە-چېۋە ئېلىپ كىرىپ ئۇنى كۈتۈپتۇ. ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ چىقىشىپ كېتىپتۇ، بۇنداق مەھلىيالىق ئىچىدە دارتون خان سىرتتىكى ئون تۈمەن قوشۇننى، ئېچىنىشلىق ئۆلگەن ئوغۇللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدە قىز ئۇنى تاۋار-دوردۇنلۇق كارىۋاتتا راھەت ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ساق بىر ھەپتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. دارتون خان شاما خانلىقىنىڭ ئايال شاھى بىلەن ئەيش-ئىشرەتتە كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئايال شاھ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلۇپتۇ، ئۇنى دەپ ئەس-ھوشىنى



يوقىتىپتۇ، دىلى يايراپ كېتىپتۇ. قىز ئۇنىڭغا دۆلىتىگە قايتىشنى ئېيتقاندىلا، ئاندىن ئېسىگە كەپتۇ. ئۇ قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ خانىش قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىگە قايتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىپتۇ، قىز بىر ئاز ئىككىلىنىپ ئاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

چوڭ قوشۇن ھەيۋەت بىلەن قايتىشقا باشلاپتۇ، چار پادىشاھ گۈزەل بىر خانىشقا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولسا، لەشكەرلەر ئۆز جانلىرىنىڭ ساق قالغىنىدىن خۇشال بولۇشۇپتۇ. شۇڭا، گەرچە ئىككى شاھزادە سىرلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن، دۈشمەنلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن بولسىمۇ، كۆپچىلىك يەنىلا خۇشال بولۇشۇپ، جەڭدىن غەلىبە قىلىپ قايتقاندەك زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، يول بويى تەنتەنە بىلەن قايتىپتۇ.

دۆلەت ئىچىدە پادىشاھ بىلەن خانىشنىڭ ئىشى سۆز-چۆچەك بولۇپ تارىلىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر دارتۇن خانىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشىپتۇ، خاتالىقىنى سۆزلىشىپتۇ: ئىككى شاھزادىسى ئۆلۈپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يات ئايال بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرەلەيدىكىنە! ئەمما كۆپلىگەن پۇقرالار خانىشنىڭ



تۇرقىنى، ئۇنىڭ چار پادىشاھنى شۇنچە مەھلىيا قىلغۇدەك زادى قانداق جەلپ قىلىش كۈچى بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ.

كىشىلەر ھەر خىل ئوي-خىيال بىلەن چار پادىشاھنى كۈتۈۋالغىلى چىقىپتۇ، يوللار ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدە بىر ئاق ساقال بوۋاي خەقلەرگە ئەگەشمەي، پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدا جىمجىت كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. خان مەپىسى بىر خىل رىتىمدا سىلىق مېڭىپ كەپتۇ، چار پادىشاھ بىلەن بولغۇسى خانىشى مەپىنىڭ ئالدىدا خۇش چىراي ئولتۇرۇپ، تەنتەنە قىلىشىۋاتقان خەلققە قولىنى پۇلاڭلىتىپتۇ. ئېگىزدە ئولتۇرغان پادىشاھ يولدا تۇرغان ئۇ بوۋاينى بىر كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ، مەپىدە تۇرۇپ: "مەپىنى توختات" دەپ توۋلاپتۇ، ئاتلار ياۋاشلىق بىلەن توختاپتۇ. ئاندىن ئۇ بوۋايغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— بوۋاي، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟ سىلىنىڭ ئالتۇن خورازلىرى بۇ گۈزەل خانىشنى ماڭا نېسىپ قىلدى، سىلىگە ھەقىقەتەن كۆپ رەھمەت! سىلىنىڭ بۈگۈن ماڭا يەنە قانداق مەسلىھەتلىرى باركىن؟ — دەپتۇ.

بوۋاي ئەسلىدە ھېلىقى ئاجايىپ دانىشمەن كىشى ئىكەن! ئۇ دارتون خانغا نەق گەپنىلا دەپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، بۈگۈن مەن سىلى بىلەن ھېسابلاشقىلى كەلدىم. ئاشۇ ئالتۇن خورازنىڭ بەدەل شەرتى يادىلىرىدا بارمىكىن؟

— ھە، مۇنداق دېسىلە، تېخى ئۇنتۇپ قالمىدىم! ئۆزلىرىنىڭ بېرىنچى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىمەن دېگەندەك قىلغانىدىم.

— توغرا! شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇنداق ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى جاھاندا كەم ئۇچرايدۇ، بۈگۈن مەن شۇ ئارزۇيۇمنى ئورۇنلاپ بېرىشلىرىنى سوراپ كەلدىم!

چار پادىشاھ شۇ تاپتا خۇشال بولۇپ تۇرغاچقا نەق جاۋاب بېرىپ:

— بولىدۇ، قېنى ئېيتقايلا، بۈگۈن ئۇنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرىمەن! — دەپتۇ.

— ئوبدان گەپ، مۇشۇ گەپلىرى راست بولسىلا چاتاق يوق!

— دەپتۇ دانىشمەنمۇ خۇشال بولۇپ، ئاندىن ئاجايىپ بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، — ماڭا ئاشۇ قىز، قېشىڭىزدا ئولتۇرغان شاما خانلىقىنىڭ ئايال شاھى لازىم.

چار پادىشاھ بۇ تەلەپنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن! ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ سەن زادى نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ شۇنداق، مەن ساڭا ۋەدە بەرگەن، لېكىن ھەممە نەرسىنىڭ چېكى بار-دە! سەن بۇ قىزنى نېمە قىلىسەن؟ مەن دېگەن پادىشاھ، بىلەمسەن؟ سەن مېنىڭ خەزىنەمدىن نېمە تەلەپ قىلساڭ قىل، ئاقسۆڭەكلىك نامىنى، ھەتتا يېرىم پادىشاھلىقنى تەلەپ قىلساڭمۇ مەيلى! — دەپتۇ.

— ماڭا شاما خانلىقىنىڭ ئايال شاھىدىن باشقا ھېچنېمە لازىم ئەمەس! ئۇ تېخى ساڭا ياتلىق بولمىدىغۇ، سېنىڭ خانىشلىرىڭ تولا، بىر ئايالغا ئېسىلىۋېلىپ قانداق قىلىسەن؟ — دەپتۇ دانىشمەن ئۆزىنىڭ تەلىپىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ. ئەمما پادىشاھ بىلەن گەپ تالىشىپ قانداق ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشەلەيتتى؟ چار پادىشاھ ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ:



— تۇفى! ئالجىغان قېرى، بەرمەيمەن! ساڭا ھېچنېمە بەرمەيمەن! بۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ پۇتىغا ئۆزۈڭ پالتا چاپىسەن، كۆزۈمدىن يوقال، سېنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن!

بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازا دېيىشمەكچى بولغاندا، چار پادىشاھ سەلتەنەت تايىقىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ بېشىغا قاتتىق ساپتۇ، بوۋاي دەرھال يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، نەپەستىن قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شاما خانلىقىنىڭ ئايال شاھى ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ! پادىشاھ گەرچە چاندۇرماي تۇرغان بىلەن، بۇ ئىشتىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ.

مەپە شەھەرگە كىرىپتۇ، ئاسماندىن تۇيۇقسىز ئارقىمۇ ئارقا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئەسلىدە ئالتۇن خوراز ئېگىزگە ئېلىپ قويۇلغان كاتەكتىن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان ئىكەن، ئۇ مەپىگە ئۇدۇل ئۇچۇپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ بېشىنى چوقۇلاپتۇ-دە، چىرقىراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. دارتون خان بۇ زەربىدىن مەپىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپ، بىر ئىڭراپلا جېنىدىن ئايرىلىپتۇ، ئايال پادىشاھمۇ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.



# بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، دېڭىز بويىدا كەمپىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، 33 يىل شۇنداق ياشاپتۇ. 33 يىلدىن بېرى تۇرمۇشى گەرچە نامرات ئۆتسىمۇ ناھايىتى خاتىرجەم، قانائەتچانلىق بىلەن ياشاپ كەپتۇ. بوۋاي ھەر كۈنى بېلىق تورىنى ئېلىپ دېڭىز بويىغا بېلىق تۇتقىلى چىقىدىكەن، كەمپىرى بولسا كونا كەپىسىدە يىپ ئېگىرىدىكەن. 33 يىل ۋاقىت ئېقىن سۇدەك شۇنداق تېز ئۆتۈپ، ھەش-پەش دېگۈچە ھازىرقى كۈنلىرى يېتىپ كەپتۇ.



بىر كۈنى بېلىقچى بوۋاي ئاۋۋالقىدەكلا بېلىق تورىنى ئېلىپ، كىچىككىنە ئەبجەق قولۋىقىغا چىقىپ بېلىق تۇتقىلى مېڭىپتۇ، كەمپىرىمۇ بۇرۇنقىدەكلا كەپىسىدە يىپ ئېگىرىپ قاپتۇ. بېلىقچى بوۋاي بوۋاي ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا كەمپىرى ئۇنىڭغا توختىماستىن تاپىلاپ:

— بۈگۈن ھاۋا سەل تۇتۇق تۇرىدۇ، ئەگەر بېلىق تۇتالمىساڭ دەرھال قايتىپ كەل، بولمىسا بوران-چاپقۇندا قالىسەن، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي "ماقۇل" دەپ ئىشىكتىن چىقىپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي قولۋاقنى ھەيدەپ دېڭىزغا كىرىپ، شۇ كۈنلۈك ئىشىنى باشلاپ تورنى دېڭىزغا تاشلاپتۇ، تورنى تارتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى تۇيۇپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە: "بۈگۈن ئامىتىم كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، تورنى بىر تاشلاپلا بېلىق سۈزۈۋالىدىغان بولدۇم" دەپتۇ. ئەمما ئۇ تورنى قولۋاققا تارتىپ چىقىراي دېگەن چاغدا قارىسا، توردا بىر تالمۇ بېلىق يوق، ھەممىسى لەش ئىكەن، بېلىقچى بوۋاي خۇرسىنىپ قويۇپ، تورنى لەشلەردىن تازىلاپتۇ، بىرەر تال كىچىك راكمۇ تاپالماپتۇ. "بۇ نۆۋەت تور تاشلاپ باقاي، ئامەت كېلىشى مۇمكىن" دەپتۇ بوۋاي ئۆزىگە.

بېلىقچى بوۋاي قولۋاقنى ھەيدەپ دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئىككىنچى قېتىم تور تاشلاپتۇ، بىر دەم كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن تورنى تارتىپتۇ، تورنى كۈچەپ تارتقاچ ئۆزىگە: "بۇ تور نېمانچە ئېغىر، نېمە تۇتتۇم قاراپ باقاي!" دەپتۇ. بۇ قېتىم تاشلىغان تور بايىقىدىن ئېغىر بولسىمۇ، بېلىقچى بوۋاي



ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگە قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپتۇ، بۇ تور بايىقىدىن ئېغىر بولغان بىلەن، ئىلىنغان نەرسە پۈتۈنلەي ئۇزۇن-ئۇزۇن دېڭىز چۆپلىرى ئىكەن. بوۋاي دېڭىز چۆپلىرىنى ئېلىۋەتكەچ: "نېمە بولۇپ كەتتى بۇ، 33 يىلدىن

بۇيانقى ئامەتلىرىم نەگە كەتتى؟» دەپ غۇدۇراپتۇ. بۇ توردىنمۇ ئوخشاشلا كىچىككىنە راكمۇ تېپىلماپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي قولىۋاقنى ھەيدەپ دېڭىزنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم تور تاشلىغاچ ئۆزىگە: «بۈگۈن مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقىسى، بېلىق تۇتسام-تۇتمىسام بەرىبىر ئۆيۈمگە قايتىمەن» دەپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ خېلى ئۇزۇن ساقلاپ، ئاندىن تورنى تارتىپ بېقىپتۇ؛ «بولدىلا، بۈگۈن ئامىتىم يوقكەن، بۇنداق يەڭگىل توردىن نېمە ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟» دەپ ھەسرەت چېكىپ تورنى تارتىپتۇ، توردىكى ئالتۇن رەڭدە چاقناپ تۇرغان نەرسىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسا، توردىكى نەرسە بىر تال كىچىك ئالتۇن بېلىق ئىكەن.

«بۇ نەچچە ئون يىللىق بېلىقچىلىق ھاياتىمدىكى بىر مۆجىزە، — دەپ ئويلاپتۇ بېلىقچى بوۋاي، — مەن ھېچقاچان بۇنداق ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان بېلىقنى تۇتۇپ باقمىغان، بىراق، ھەي كىچىك جانىۋار، سەن كەمپىرىم ئىككىمىزنىڭ بىر ۋاقلىق تاماقىغىمۇ يارىمايسەن، بىر قاچا شورپا قىلىشقا ئاران بولارسەن».

ئەمما ئالتۇن بېلىق تۇيۇقسىز زۇۋانغا كىرىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ، بېلىقچى بوۋاي ھەيران قاپتۇ.

— مېنى قويۇۋەتسىلە بوۋا، — دەپتۇ بېلىق، — مېنى دېڭىزغا قويۇۋەتسىلە، مەن ئەسلىدە ئالتۇن بېلىق ئەمەس، بەلكى دېڭىز شاھىنىڭ ئوغلى. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە سىلىگە قىلچە پايدىسى يوق، مېنى يەۋەتسىلىمۇ ئاچ قورساقلىرىغا دال بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى مېنى سۇغا قويۇپ بەرسىلە، مېنى سۇدا ئۆزگىلى قويسىلا، سىلىگە قىممەتلىك ھەق-نېسىۋە بېرەي. بۇندىن كېيىن سىلىگە نېمە لازىم بولسا دېڭىز بويىغا كېلىپ مېنى چاقىرسىلا،

قولۇمدىن كېلىشچە ئارزۇلىرىنى قاندۇرىمەن. ھازىر مېنى سۇغا دەرھال قويۇپ بەرسىلە، بۇ قۇرۇقلۇقتا مەن نەپەس ئالالماي قېيىنلىپ كەتتىم.

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى توردىن ئاپتۇ، بېلىقنىڭ ھېچقانداق يېرى يارىلانمىغانىكەن. بېلىقچى بوۋاي ئۇنى دېڭىزغا قويۇپ بەرگەچ ئامراقلىق بىلەن :

— ئوماق ئالتۇن بېلىقىم، خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ماڭا مۇكاپاتىڭ كېرەك ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بۇ ياقتىكى دېڭىز بويىغا كەلمەي، دېڭىز تەكتىگە ئۈزۈپ كەتكەيسەن، سەن شۇ يەردىلا ئەركىن-ئازادە ئۈزۈپ يۈرەلەيسەن، — دەپتۇ.

ئالتۇن بېلىق دېڭىزغا قايتىپ، بىردەمدىلا ھاياتىي كۈچكە تولۇپتۇ. ئۇ بېلىقچى بوۋاينىڭ قولۇيقىغا ئەگىشىپ، ئۇنى دېڭىز بويىغىچە ئۈزۈتىپ كەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا "خوش" دەپ سۇغا شۇڭغۇپ، دېڭىزغا قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى بوۋاي كەپىسىگە قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ، كەمپىرى تاماق ئېتىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— موماي، ساڭا بىر ئىشنى دەپ بېرەي ، — دەپتۇ بوۋاي كەچمىشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن بايان قىلىپ، — بۈگۈن مەن بېلىق تۇتقىلى بېرىپ بىرىنچى قېتىم، ئىككىنچى قېتىم تور تاشلىغاندا تەلىيىم كەلمىدى، تورغا لەش بىلەن دېڭىز چۆپىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئىلىنمىدى، ئەمما ئۈچىنچى قېتىم تور تاشلىغىنىمدا بىر تال بېلىق سۈزۈۋالدىم. شۇنداق، بىر تال بېلىق، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى بېلىق ئەمەس، بەلكى ئالتۇن بېلىق. بۇنداق بېلىقنى چوقۇم كۆرۈپ باقمىدىڭ، 33 يىلدىن بۇيان

مەنمۇ تۇنجى قېتىم بۇنداق بېلىقنى تۇتۇپ باقتىم. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، بۇ ئالتۇن بېلىق تېخى گەپ قىلالايدىكەن، مېنى دېڭىزغا قويۇۋەتكىن دەپ ماڭا يالۋۇردى، ئۆزىنى دېڭىز شاھىنىڭ ئوغلىمەن دېدى، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ ماڭا نۇرغۇن ھەق بەرمەكچى بولدى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلماي، ئۇنى شۇنداقلا دېڭىزغا قويۇۋەتتىم. قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمدا ئۇ تېخى مېنى قىرغاققىچە ئۇزىتىپ قويدى ھەم مەن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئايرىلدى.

— ھەي قېرى، مۇشۇنداق يالغان گەپلەرنى توقۇپ مېنى ئالدايمەن دەمسەن، كاللاڭ سەل قېيىپ قالدىمۇ نېمە!— دەپتۇ موماي ئانچە ئىشەنمەي.



— مەن سېنى ئالداپ قانداق قىلاي، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي كەمپىرىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن

سۆزلەپ، — بۇنىڭ ھەممىسى راست، خۇدا ھەققى، قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا بىر ئېغىزمۇ يالغان ئېيتمىدىم.

ئەمما كەمپىر بېلىقچى بوۋايغا قولىنى شىلتىپ تىللاپ كېتىپتۇ:

— سەن نېمانچە دۆت، ئەخمەق قېرى! سەن يا ئوغرىلىق، يا بۇلاڭچىلىق قىلمىساڭ، نېمىشقا ئۇ بېلىقنىڭ مۇكاپاتىنى رەت قىلىسەن؟ سەن قېرى ئەخمەق مۇشۇ ياشقا كىرگىچە بىكار ياشاپسەن، ھېچ بولمىغاندا بىر دانە تەڭنە بولسىمۇ ئالساڭ بولمامدۇ، قاراپ باقە، بىزنىڭ تەڭنىمىز كونىراپ نېمە بولۇپ كەتتى!

بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىغا بېرىشنى پەقەت خالىمىسىمۇ، كەمپىرىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز غەزەپلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل قورقۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز يەنە بېرىپتۇ. دېڭىز بايىقىدەك تىپتىنچ ئەمەس ئىكەن، يېنىك دولقۇنلىنىپ تۇرىدىكەن، سۇلار بايىقىدەك سۈزۈك ئەمەس، بەلكى يېشىل ھەم



سىرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بىلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىدا تۇرۇپ بېلىقنى ئەنسىز ھالدا چاقىرىپتۇ:

— شاھزادە، ھەي شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم مېنى تىللىدى، مەن قېرىنى ئارامىمدا قويمىدى!

دېڭىز گىرۋىكىدە تۇيۇقسىز كىچىك قاينام ھاسىل بولۇپ، ئالتۇن بېلىق بېلىقچى بوۋاينىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كېلىپتۇ:

— قەدىرلىك بوۋا، ساڭا نېمە لازىم؟

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا سالام بېرىپ:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سېنى پەقەت ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى، ئەمما خوتۇنۇم مېنى تىللاپ ئامالسىز قويدى، مېنى سەندىن بىر دانە يېڭى تەڭنە سوراشقا ئەۋەتتى، چۈنكى، بىزنىڭ ئۇ كونا تەڭنىمىز تەڭنىگە ئوخشىماي قالدى، ئىشلەتكىلى پەقەت بولمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئالتۇن بېلىق بېلىقچى بوۋايغا قاراپ:

— بوۋا، غەم قىلما، خۇدا ياخشى ئادەملەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، پات يېقىندا سىلەرنىڭ بىر دانە يېڭى تەڭنەڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىق بىلەن خوشلىشىپ، كونا كەپىسىگە قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، دەرۋەقە ھېلىقى كونا تەڭنىسى يوق، دېرىزىنىڭ ئاستىدا يېپيېڭى بىر تەڭنە تۇرغىدەك، تېخى مايلانغان مايلىرىمۇ پارقىراپ تۇرغىدەك.

— قەدىناس كەمپىرىم، ئەمدى رازى بولغانسەن. بايا مەن بېرىپ بېلىقتىن تەڭنە سورىغانىدىم، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ماقۇل دېدى، مانا قارا، يېڭى تەڭنىمۇ بار بولدى. كەمپىرىم، ماڭا نېمانداق چەكچىيىپ قاراپ تۇرىسەن، كەل، چۆشلۈك تاماقىمىزنى

يەيلى، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي ۋە شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پىچاق-ۋىلكىلارنى ئېلىپ، تاماق يېيىشكە تەييارلىنىپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، ھاماقەت قېرى! سەن سېپى ئۆزىدىن دۆت قېرى ئىكەنسەن. ئاران مۇشۇ تەگنىنى ئەكەلگىنىڭ بىلەن بۇ تەگنە قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ چاققان دېڭىز بويىغا بار دۆت قېرى، ئۇنىڭغا ئوبدان گەپ قىلىپ ياغاچ ئۆيدىن بىرنى سورا. قاراپ باققىنا، بۇ كەپىمىز يامغۇر-يېشىن، جۇدۇن-چاپقۇنغا دال بولالامدۇ؟



كەمپىرنىڭ بۇنداق چالۋاقاپ كېتىشىدىن قورققان بېلىقچى بوۋاي پىچاق، ۋىلكىسىنى تاشلىۋېتىپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي كۆڭلىدە قەتئىي رازى بولمىسىمۇ، كەمپىردىن قورققاچقا، دېڭىز بويىغا يەنە كەپتۇ. قارىسا دېڭىز چايقىلىپ، دولقۇنلار ئۆركەشلەپ تۇرغىدەك، دېڭىز سۈيى يېشىل ياكى سېرىق رەڭدە ئەمەس، بەلكى سۆسۈن ھەم كۆك رەڭگە كىرىپ قاپتۇ. بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىدا تىترەپ تۇرۇپ ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپتۇ:

— كىچىك شاھزادە، ھەي كىچىك شاھزادە! ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم مېنى تىللاپ ئۇلتۇرغۇزمىدى.
ئالتۇن بېلىق دولقۇنلار چوققىسىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بوپتۇ:
— ساڭا نېمە لازىم بوۋا!
بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا سالام بېرىپ:



— ھەي ئالتۇن بېلىق، مېنىڭ سېنى راستىنلا ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى، ئەمما كەمپىرىم مېنى بەك تىللاپ كەتتى. ئۇ سەندىن بىر ياغاچ ئۆي تەلەپ قىلىشىمنى بۇيرۇدى، چۈنكى بىزنىڭ كەپىمىز كونىراپ، يامغۇر-يېشىن، جۇدۇن-چاپقۇنغا دال بولالمايدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ.
— بوۋا، چاتاق يوق، — دەپتۇ بېلىق، — خۇدا ياخشى ئىنسانلارنى قوغدايدۇ، قايتىپ بارغىن، ياغاچ ئۆيۈڭلار بار بولىدۇ.
بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىق بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، بۇرۇنقى كونا كەپىسىنىڭ ئورنىدا راستىنلا

بىر يېڭى ياغاچ ئۆي تۇرغىدەك، كەمپىرى ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىدەك، ئۇ بوۋاينىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ قولىدىن تۇتۇپ:

— كىرىپ قاراپ باققىنە، مانا ھازىر بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى،— دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي كەمپىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كارىدور، بىر ئېغىز چىرايلىق ھۇجرا، ئىچىدە ئۇلارنىڭ كارىۋىتى، بىر ئېغىز ئاشخانا، ئىككى ئېغىز قازناق، ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئۆي جاھازىلىرى، يەنە مىستىن، تۆشتىن ئىشلەنگەن سايمانلار بار ئىكەن، نېمە ئىزدىسە شۇ تېپىلىدىكەن. ئۆينىڭ كەينىدە كىچىك ھويلا بولۇپ، ھويلىدا توخۇ-ئۆردەك، بىر ئىت، يەنە سەي-كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن كۆكتاتلىق بار ئىكەن.

— مانا قارىغىنە، مۇشۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ!؟ — دەپتۇ كەمپىر.

— شۇنداق، ياخشى بولىدىكەن، بىز ئەمدى خۇشال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بوپتۇق، — دەپتۇ بوۋاي.



ئىككىنچى كۈنى بېلىقچى بوۋاي يەنە دېڭىزغا چىقىپ بېلىق تۇتۇپتۇ، دېڭىز تېپتىنچ، كۆپكۆك ئىكەن. كەمپىر ئۆيىدە توخۇ-ئۆردەكلىرىنى بېقىپتۇ، كۆكتاتلىقىنى پەرۋىش قىلىپتۇ. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە بىر ھەپتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ، يەنە بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بېلىقچى بوۋاي بېلىق تۇتۇپ قايتىپ كەپتۇ، كەچ كىرىپ قالغان ئىكەن، قارىسا كەمپىرى ئىشىك تۈۋىدىكى پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك، ئۇ بېلىقچى بوۋاينى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپلا ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ:

— ھەي ئەخمەق، ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەت، قېرى ئەبلەخ! ئاران مۇشۇ ياغاچ ئۆيگە رازى بولدۇڭما؟ ھازىرلا دېڭىز بويىغا بېرىپ ئۇ بېلىققا سالام بەر، ئۇنىڭغا مېنىڭ بېلىقچى بوۋاينىڭ پەس خوتۇنى بولغۇم يوقلۇقىنى، بەلكى ئېسىلزادە ئايال بولغۇم بارلىقىنى ئېيت، مەن ئوردا-سارايدا تۇرۇشۇم كېرەك.

بېلىقچى بوۋاي بۇنداق قىلىشىنى پەقەت خالىمىسىمۇ، كەمپىرىنىڭ ئالدىدا چارىسىز قېلىپ، دېڭىز بويىغا يەنە بېرىپتۇ. دېڭىز كۆندۈزدىكىدەك تىنچ ئەمەسكەن، دولقۇنلار نەچچە گەز ئېگىزلىكتە ئۆركەشلەپ تۇرغىدەك، سۇلارمۇ كۆندۈزدىكىدەك سۈزۈك بولماستىن، بىر دەمدىلا كۆلرەڭ، قاپقارا رەڭگە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئاستىدىن ئۈستىگە ئۆرلەپ چىققان سۇلار سىبىق پۇرايدىكەن. بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىدا تۇرۇپ ئالتۇن بېلىقنى يەنە چاقىرىپتۇ:

— كىچىك شاھزادە، ھەي كىچىك شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم ماڭا زەھەر سانچىپ، مەن قېرىنى خاتىرجەم ياشىغىلى قويمىدى.

ئالتۇن بېلىق تۇيۇقسىز دولقۇنلار ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ:

— ساڭا نېمە لازىم بوۋا!

بىلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا سالام بېرىپ:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سەن ئۆتكەندە بەرگەن ياغاچ ئۆيدە ناھايىتى راھەت ياشاۋاتاتتىم، سېنى يەنە ئاۋارە قىلىشنى خالىمايتتىم، ئەمما كەمپىرىم ماڭا قاتتىق تەگدى. ئۇنىڭ ئەمدى بېلىقچى بوۋاينىڭ پەس خوتۇنى بولغۇسى يوقكەن، بەلكى ئېسىلزادە خېنىم بولغۇسى، ئوردا- سارايلاردا تۇرغۇسى بار ئىكەن، ئۇ كۆكتاتلىقنى ئۆزۈم يالغۇز پەرۋىش قىلىپ بولالمايمەن دەيدۇ، "ئۇنىڭ بىر مالاي ئىشلەتكۈسى بار ئىكەن"، — دەپتۇ.

ئالتۇن بېلىق ئۇنىڭغا:

— بوۋا، قايغۇرما، خۇدا ياخشى ئادەملەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، قايتىپ بارغىن، ئارزۇيۇڭ دەرھال ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپتۇ.

بىلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىق بىلەن خوشلىشىپ، ياغاچ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. قارىسا ياغاچ ئۆيى يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا چىرايلىق بىر ئوردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىدەك. ئۇنىڭ كەمپىرى پەلەمپەيدە تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ: "بىللە كىرەيلى" دەپتۇ. بوۋاي كەمپىرى بىلەن بىللە سارايغا كىرىپتۇ. سارايدا مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ زال ۋە نۇرغۇن مالايلار بار ئىكەن؛ ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ، ئىككى رەت تىزىلىپ، بىلىقچى بوۋاي بىلەن كەمپىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ساراي تاملىرىغا گۈللۈك قەغەزلەر چاپلانغان بولۇپ، ئۆيلەرگە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن ئۈستەل-ئورۇندۇقلار تىزىقلىق ئىكەن، تورۇستا خرۇستال چىراغلار ئېسىقلىق ئىكەن، ھەممە ئۆيگە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، شىرەدە ئېسىل ھاراق ۋە سەيلەر ناھايىتى مول ئىكەن. سارايىنىڭ كەينىدە ناھايىتى چوڭ ھويلا بولۇپ، ھويلىدا ئات ئېغىلى، كالا قوتىنى ۋە ئەڭ ئېسىل ئات ھارۋىسى بار ئىكەن.

هويلىدا تازا چوڭ ھەم چىرايلىق گۈللۈك بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر، ئېسىل مېۋىلىك دەرەخلەر ياشناپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا باغچە بولۇپ، ئۇ يەردە بۇغا-مارال، بۆكەن، توشقان ۋە كىشىلەر ئامراق باشقا ھايۋانلار بار ئىكەن.

— مانا ئەمدى بولدى ئەمەسمۇ؟— دەپتۇ كەمپىر.

— شۇنداق، ئەمدى ئوبدان بولدى، بىز ئەمدى ھەشەمەتلىك ئوردا-سارايدا تۇرىدىغان بولدۇق، رازى بولساق بولىدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي.

ئەمما كەمپىر:

— بىز يەنە ئويلىنىپ باقايلى، كېيىن بىر گەپ بولسۇن، — دەپتۇ.

ئاندىن ئىككىسى بىرلىكتە كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىسى بېلىقچى بوۋاي ئويغىنىپ قارىسا، بىر ئايال ئەينەكنىڭ ئالدىدا پەرداز قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇچىسىغا قارا بۇلغۇن تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جىلتكە كىيگەن، بېشىغا گۆھەر تاج تاقىغان، بوينىغا مەرۋايىت مارجان ئاسقان، ئۇن بارمىقىغا ھەر خىل ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان، بىر جۈپ قىزىل ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ ئايالغا بېلىقچى بوۋاي زەن سېلىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ ئايالى — ئەسكى كەپىدىكى قېرى كەمپىرى ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي ئورنىدىن قوپۇپ كەمپىرىگە:

— ھەي كەمپىرىم، ئېسىلزادە خانىمىم، سەن بۇ تۇرقۇڭدا كىشىنى بەكمۇ مەپتۇن قىلىدىكەنسەن! — دەپتۇ.

كەمپىر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، ئۇنى ئات ئېغىلىدا ئىشلەشكە بۇيرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى كەمپىر بېلىقچى بوۋاينى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا شالىنى چېچىپتۇ:
— چاققان دېڭىز بويىغا بار ئەخمەق قېرى، ئالتۇن بېلىققا سالام بەر. ئۇنىڭغا ئېيت، مېنىڭ ئەمدى ئېسىلزادە خېنىم بولغۇم يوق، مەن بۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولۇشۇم كېرەك.
بېلىقچى بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ:
— كەمپىر، ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بۇ مەملىكەتتىكى جىمى ئادەمنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قالاي دەمسەن؟
كەمپىر بۇنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلەپ ئېرىگە تۈيۇقسىز بىر شاپىلاق سالپتۇ:
— دۆت قېرى، قارىغاندا ساڭا خۇشاللىق ياراشمايدىكەن! ۋۇي ھاماقەت تومپاي، تېخى ماڭا گەپ ياندۇرغىدەك بولدۇڭما؟ چاققان دېڭىز بويىغا بار، ساڭا دەپ قوياي، بارماي ھەددىڭ ئەمەس، بولمىسا مەن ئادەم ئەۋەتىپ سېنى يالاپ ئېلىپ بارىمەن.
بېلىقچى بوۋاي چارىسىز ھالدا دېڭىز بويىغا يەنە كەپتۇ. قارىسا دېڭىز ئۇچ گەز ئېگىزلىكتە شىددەتلىك دولقۇنلاپ، سۇلار قاپقارا رەڭگە كىرىپ ، ئوقچۇپ چىققان سۇلار كۆپۈكلىنىپ تۇرغىدەك، دېڭىزدا بوران چىقىۋاتقان بولۇپ، دولقۇنلار قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇرۇلغىدەك... بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىدا تۇرۇپ ئالتۇن بېلىقنى يەنە چاقىرىپتۇ:
— كىچىك شاھزادە، كىچىك شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم ناھايىتى مۇتتەھەملىشىپ كەتتى، قېرى جېنىمنى پەقەت ئارامىدا قويمىدى.
ئالتۇن بېلىق دېڭىز بويىدىكى دولقۇن ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ:
— ساڭا نېمە لازىم، قەدىرلىك بوۋا!

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا تەزىم قىلىپ، خىجالەت ئىلكىدە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سېنى ھەرگىز ئاۋارە قىلغۇم يوق، لېكىن كەمپىرىم بەك ئوسال[ل]ىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىر ئېسىلزادە خېنىم بولماي، مۇشۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولغۇسى بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، ھەي ئالتۇن بېلىق، بۇنىڭغا باشقا ئامالىم يوق، پەقەت سەنلا ياردەم قىلالايسەن.

ئالتۇن بېلىق:



— بوۋا، چوڭ مەسىلە يوق، خۇدايىم سەندەك ياخشى ئىنسانىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، قايتىپ بارغىن، كەمپىرىڭ دەرھال بۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولىدۇ، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىق بىلەن خوشلىشىپ، كەمپىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. دەرۋەقە، ھازىرقى ئوردا- ساراي بۇرۇنقىسىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز مۇنارى، كۆركەم بېزەكلىرى بار ئىكەن، دەرۋازا تۈۋىدە بىر سەپ قوغدىغۇچىلار، كاناي-سۇنايلارنى تۇتۇۋالغان ئۇركېستىر ئەترىتى



بار ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي ئۆيلەرگە كىرىپتۇ، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ مەرمەر ۋە ئالتۇندىن ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، مەخمەلدىن ئىشلەنگەن شىرە ياپقۇچلارنىڭ چىرايلىق پۆپۈكى بار ئىكەن. بۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپتۇ، قارىسا كەمپىرى ئېگىز ئالتۇن-كۈمۈش تەختتە ئولتۇرغۇدەك، بېشىغا ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج تاقىۋاپتۇ، ياقۇتتىن ئىشلەنگەن ئالتۇن يوسۇن تاختىسىنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، قېشىدا 12 چۆرە قىز ئىككى رەت تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرالار ئىككى تەرەپتىن جاي ئاپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۆرە تۇرۇپ:

— ئەي كەمپىرىم، ئەمدى رازى بولغانسەن، سەن ئەمدى بۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولدۇڭ، — دەپتۇ.

ئەمما كەمپىرنىڭ سەپرايى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ قاپتۇ، ئېگىز تەختىدە ئولتۇرۇپ ئاچچىقلاپ:

— ياق، دۆت قېرى، مېنىڭ ھازىر بۇ يەرنىڭ پادىشاھى بولغۇم يوق، بۇ يەر بەك زېرىكىشلىك ئىكەن، مەن چىداپ تۇرالمىدىم. دۆت قېرى، چاققان دېڭىز بويىغا بېرىپ ئالتۇن بېلىققا

ئېيت، مېنىڭ پادىشاھ بولغۇم يوق، ئايال خاقان بولغۇم بار، — دەپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، ئالتۇن بېلىق بىر كىمنى خاقان قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر دۆلەتتە پەقەت بىرلا خاقان بولىدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي جىددىيلىشىپ.

— دۆت قېرى، دېڭىز بويىغا بارماي ھەددىڭ ئەمەس، ئەگەر بۇ يەردە زۇۋانىڭنى يىغمىساڭ ئاغزىڭنى ئاچالماس قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ كەمپىر غەزەپتىن بوغۇلۇپ.

بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىغا ئامالسىز كەپتۇ، قارىسا دېڭىز جۇش ئۇرۇپ قايناپ، دولقۇنلار تۆت گەز ئېگىزلىككە ئۆرلەپ كېتىپتۇ، دېڭىز سۈيى تېخىمۇ قاپقارا بولۇپ، ئوقچۇپ چىققان سۇلار بۇژغۇنلىنىپ تۇرۇپتۇ، دېڭىزدا قارا بوران چىقىۋاتقان بولۇپ، دولقۇنلار قىرغاققا قاتتىق ئۇرۇلۇپ تۇرغىدەك... بېلىقچى بوۋاي ناھايىتى قورقۇپتۇ، "بۇ دېڭىز نېمە بولغاندۇ؟" دەپ ئويلىغاچ، دېڭىز بويىدا تۇرۇپ ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپتۇ:

— كىچىك شاھزادە، ھەي كىچىك شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىمنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى، قېرى جېنىمنى ئارامىدا قويمىدى.

ئالتۇن بېلىق قىرغاق بويىدىكى دولقۇنلار ئۇستىدە تۇيۇقسىز پەيدا بوپتۇ:

— ساڭا نېمە لازىم بوۋا!

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، نومۇستىن قىزىرىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سېنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، لېكىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. كەمپىرىمنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى،

ئۇنىڭ ئەمدى پادىشاھ بولغۇسى كەلمەپتۇ، بەلكى بۇ دۆلەتنىڭ خاقانى بولغۇسى بار ئىكەن.

ئالتۇن بېلىق بېلىقچى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ قويۇپ:

— بوۋا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بۇمۇ ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس، خۇدا سەندەك ياخشى ئىنسانىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. سەن ھازىر قايتىپ كەتكىن، كەمپىرىڭ بۇ دۆلەتنىڭ خاقانى بولىدۇ، — دەپتۇ.



بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، كەمپىرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. دەرۋەقە، كۆز ئالدىدا شاھ ئوردىسى نامايان بوپتۇ: پۈتۈن ئوردا ـ ساراي نەمدەپ سىلىقلانغان مەرمەر تاشتىن ياسالغان بولۇپ، سارايدا بىرونزىدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى ۋە ئالتۇن زىنىنەتلەر بار ئىكەن، دەرۋازا ئالدىدا ئەسكەرلەر مەشىق قىلىۋاتقۇدەك، بىر ياقتىن ياڭراق سۇناي، بىر ياقتىن داقا ـ دۇمباق قىزغىن

چېلىنىۋاتقۇدەك. قەسىرنىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن مالايلارنىڭ ھەممىسى بارون، گىراف، كېنەزلەر ئىكەن. بېلىقچى بوۋاي زالغا كىرىپ، تەخمىنەن ئۈچ گەز ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن تەختتە كەمپىرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ تىكلىكى ئىككى گەز كېلىدىغان ئالتۇن تاج تاقىغان بولۇپ، تاجىغا ئورنىتىلغان ئالماس ۋە قىزىل ياقۇتلار چاقناپ تۇرىدىكەن. كەمپىر ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ كەچلىك غىزا يەۋاتقان بولۇپ، ۋەزىر-ۋۇزرا ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى كۈتۈۋاتقان، ئۇنىڭغا ئۇزۇم ھارىقى قۇيۇپ، گۈللۈك قەنت-گېزەكلەرنى سۇنۇۋاتقان ئىكەن. كەمپىرنىڭ كەينىدە سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك ئوردا قاراۋۇللىرى تىك تۇرغان بولۇپ، مۈرىسىگە ئېسىۋالغان ئايپالتىلىرى سوغۇق چاقناپ تۇرىدىكەن. بېلىقچى بوۋاي بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ، كەمپىرنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ بېرىپ تىزلىنىپ يەرگە باش قويۇپ:

— سەلتەنەتلىك خاقان ئايىم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلا، مەن سىلىنىڭ ئەرلىرى، سىلى ھازىر بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپلا، بۇ قېتىم چوقۇم رازى بولدىلىمىكىن دەپ ئويلايمەن! — دەپتۇ.

كەمپىر ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ، كەينىدىكى ئوردا قاراۋۇللىرىغا:

—بۇ قېرى ئەبلەخ ئالجىپتۇ، ئۆزىنى تېخى مېنىڭ ئېرىم دەۋاتىدۇ. سىلەر ئۇنى دەرھال ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئاتخانىغا ئاپىرىپ ئوت-چۆپ توغرىغىلى سېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوردا قاراۋۇللىرى ئايپالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، بېلىقچى بوۋاينىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تالاغا سۆرەپتۇ، بىر ياقتىن: ”ھۇ ئۆلمەيدىغان قېرى، ئايال خاقانىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇتتەھەملىك قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ بىز بىلەن دەرھال

ئاتخانىغا بېرىپ ئوت-چۆپ توغرايسەن، ئەمدى ياۋاش بولۇپ، خاقانىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمە، بولمىسا بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمىز» دەپ تىللاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بېلىقچى بوۋاي ئاتخانىدا ئوت-چۆپ توغراشقا سېلىنىپتۇ، بىر ھەپتە تىنچ ياشاپتۇ. يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئەسكەرلەر ئۇنى ئوردىغا يالاپ ئاپىرىپتۇ.

ئېگىز تەختتە ئولتۇرغان كەمپىرى ئۇنى كۆرۈپلا نەشتىرىنى سانچىپتۇ:

— دۆت قېرى، نەچچە كۈندىن بېرى ئاتخانىغا مۆكۈنۈپ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەرھال دېڭىز بويىغا بارماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، مەن بۇنداق ئايال خاقان بولۇشتىنمۇ زېرىكتىم. سەن دەرھال دېڭىز بويىغا بېرىپ ھېلىقى بېلىققا ئېيت، مېنىڭ ئەمدى پاپا بولغۇم بار.

بېلىقچى بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ غەمگە چۆكۈپتۇ:

— ھۆرمەتلىك خاقانىم، سىلى قانداقمۇ پاپا بولالايلا؟ خرىستىئان دۇنياسىدا ئاران بىرلا پاپا بولىدۇ، بۇنىڭغا ئالتۇن بېلىقمۇ ئۇنىمايدۇ.

كەمپىر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ:

— دۆت قېرى، سەن بۇ يەردە ماڭا يەنە گەپياندۇرۇپ، بۇيرۇقۇمغا قارشى چىقىۋاتامسەن؟ سەن ئەڭ ياخشىسى ياۋاشلىق بىلەن دېڭىز بويىغا بار، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن.

بېلىقچى بوۋاي ئامالسىز ھالدا دېڭىز بويىغا كەپتۇ. قارىسا دېڭىز شىددەتلىك ئۆركەشلەپ شاۋقۇنلاپ تۇرغىدەك، قاپقارا بولۇپ كەتكەن سۇلاردىن سېسىق پۇراق چىقىۋاتقۇدەك. شامال چىقىپ، بۇلۇتلار يىغىلىپتۇ، دېڭىز سۈيى ئۆرلەپ، ئالتە گەز ئېگىزلىكتە دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسى ئازراق

كۆك، چۆرىسى قىزىل بولۇپ، قار-يامغۇرنىڭ شەپىسى پەيدا بوپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ناھايىتى قورقۇپتۇ، بەدىنى توختىماي تىترەپ، پۇتلىرى بوشىشىپ كېتىپتۇ، دېڭىز بويىدا تۇرۇپ بار كۈچى بىلەن بېلىقنى چاقىرىپتۇ:



— كىچىك شاھزادە، ھەي كىچىك شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم ئەلپازىنى بۇزۇپ، قېرى جېنىمنى ئارامىدا قويمىدى.

ئالتۇن بېلىق دېڭىز بويىدىكى دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە ئۈشتۈمتۈت پەيدا بوپتۇ:

— قېنى بوۋا، ساڭا نېمە لازىم؟

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، غەمكىن ھالدا:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سېنى ئەسلا ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى، لېكىن كەمپىرىم غەزەپلىنىپ كەتتى، ئەگەر مەن كەلمىسەم، ئۇ مېنىڭ كاللامنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئايال

خاقانلىقتىنمۇ زېرىكىپتۇ، ئۇ خرىستىئان دۇنياسىنىڭ پاپاسى بولماقچى ئىكەن.

ئالتۇن بېلىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ قويۇپ:

— بوۋا، سەن ماڭا ئەركىنلىك بەرگەن، ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلىشنى خالايمەن. خۇدا سەندەك ياخشى ئىنساننى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. ئەمدى قايتىپ بارغىن، كەمپىرىڭ دەرھال بۇ دۇنيادىكى پاپا بولىدۇ، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قارىسا ناھايىتى چوڭ بىر چېركاۋ تۇرغىدەك، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئوردا-سارايلار بار ئىكەن، نەچچە مىڭلىغان ئىنسانلار ئۇ يەردە قىستىلىشىپ تۇرغىدەك. بېلىقچى بوۋاي ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ چېركاۋغا كىرىپتۇ. چېركاۋدا ياندۇرۇلغان نەچچە مىڭ شام چىراغ چېركاۋنى يورۇتۇۋەتكەنىكەن. كەمپىر كالۇۋتۇن كىيىم كىيىپ، تۆت گەز ئېگىزلىكتىكى تەختتە ئولتۇرغۇدەك؛ بېشىدا ئالتۇن تاج بولۇپ، تاجغا ئۈنچە-مەرۋايىت، ئالماسلار قادالغانىكەن. ئۇنىڭ چۆرىسىدە نۇرغۇن ئېپىسكوپلار بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە مۇناردەك يوغان شاملار يېقىلغانىكەن؛ بارلىق خان-پادىشاھلار ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ، ئۇنىڭ ئايىغىنى سۆيۈپ تۇرغىدەك. بېلىقچى بوۋاي كەمپىرنى چاقىرالماي، ئاشخانىغا ئاستاغىنا كىرىپ مۆكۈۋاپتۇ.

ئەمما ئاران ئۈچ كۈن تىنچ ئۆتۈپتۇ، كەمپىر يەنە ئېپىسكوپنى ئەۋەتىپ ئاشخانىدىن بېلىقچى بوۋاينى تېپىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بېلىقچى بوۋاي پاپانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ.

— ئەي ھۆرمەتلىك پاپا، قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ يەنە نېمىدىن رازى بولمىدىلا؟ — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي.

— دۆت قېرى، دەرھال دېڭىز بويىغا بار، مېنىڭ ئەمدى بۇنداق پاپا بولغۇم يوق، مەن دېڭىزدا ياشىشىم كېرەك، ئۇ يەردىكى شامال ناھايىتى خۇشپۇراق ئىكەن، مەن دېڭىزنىڭ ئايال خوجايىنى بولىمەن، ھېلىقى بېلىق مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇپ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ھەر ۋاقىت ئورۇنلىسۇن. چاققان بول قېرى، مەن بۇ يەردە سېنىڭ خەۋىرىڭنى كۈتىمەن، — دەپتۇ كەمپىر.



بۇ بىچارە بېلىقچى بوۋاي گەپ ياندۇرالماي، ئۇنىڭغا قارشى گەپمۇ قىلالماي دېڭىز بويىغا يەنە كەپتۇ. دېڭىز شامىلى گۈركىرەپ چىقىۋاتقۇدەك، بېلىقچى بوۋاي جايىدا مەزمۇت تۇرالماپتۇ، دېڭىزدا يەتتە گەز ئېگىزلىكتە دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ، دېڭىز قاپقارا تۇسكە كىرىپ، سېسىق پۇراق تارقىتىپتۇ، ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپتۇ، ئەتراپ زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا

ئايلىنىپتۇ، بېلىقچى بوۋاي بۇنىڭدىن ناھايىتى قورقۇپتۇ، دېڭىز بويىدا تۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ بېلىقنى چاقىرىپتۇ:

— كىچىك شاھزادە، ھەي كىچىك شاھزادە، ئالتۇن بېلىق، ئالتۇن بېلىق، بۇ ياققا چىققىن، كەمپىرىم غەزەپلىنىپ، مەن قېرىنى غەم-قايغۇغا سالدى.

ئالتۇن بېلىق دېڭىز بويىدىكى دولقۇنلار ئۈستىدە تۇيۇقسىز پەيدا بوپتۇ:

— ساڭا نېمە لازىم بوۋا!

بېلىقچى بوۋاي ئالتۇن بېلىققا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ قايغۇلۇق ھالدا:

— ھەي ئالتۇن بېلىق، سېنى ھەرگىز ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى، ئەمما كەمپىرىم غەزىپىنى باسالمىدى، ئۇنىڭ ئەمدى خرىستىئان دىنىنىڭ پاپاسى بولغۇسىمۇ يوق ئىكەن، ئۇ دېڭىز شاملىنى ناھايىتى خۇشپۇراق ئىكەن دەيدۇ، ئۇ بۇ دېڭىزنىڭ ئايال خوجايىنى بولماقچى ئىكەن، شۇنداق بولغاندا ئۇ دېڭىز-ئوكيانىدا ياشىيالايدىكەن، ئۇ تېخى سېنىڭ ئۇنى كۈتۈشۈڭنى، گېپىگە ھەر ۋاقىت بويسۇنۇشۇڭنى تەلەپ قىلىدىكەن. ھەي ئالتۇن بېلىق، ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ چېكى يوقمۇ!

ئالتۇن بېلىق بېلىقچى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، ھېچنېمە دېمەستىن دېڭىزغا كىرىپ كېتىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي دېڭىز بويىدا ئۇزاق كۈتۈپتۇ، ئەمما ئالتۇن بېلىق قايتىپ چىقماپتۇ. تاڭ ئاستا-ئاستا يورۇپتۇ، دېڭىز شاملىمۇ توختاپتۇ، ھەيۋەتلىك دولقۇنلارمۇ تىنچىپتۇ، دېڭىز تېپتىنچ بولۇپ، دېڭىز سۇلىرىمۇ سۈزۈلۈپ، كۆپكۆك دولقۇنلار چاقناپ تۇرۇپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ناھايىتى ئۇزۇن ساقلاپ، ئاخىرى كەمپىرىنىڭ يېنىغا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. قارىسا چېركاۋمۇ،

ئوردا-سارايمۇ يوق، بۇرۇنقى كونا كەپىسى تۇرغىدەك، كەمپىرى بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ يىپ ئېگىرىۋاتقۇدەك، ھېلىقى پۇچۇق تەگنىمۇ ئاۋۋالقىدەك دېرىزە ئالدىدا تۇرغىدەك.



# مەلىكە بىلەن يەتتە پالۋان

ئۈچىنچى ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئاسماندىن ئاق پەيلەر تۆكۈلگەندەك لەپىلدەپ ياغقان قارلار دالىنى ئاق لىباسقا پۈركەپتۇ، يەر-جاھان تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ.



بىر خانىش ياغاچ رامكىلىق دېرىزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھقا كىيىم تىكىۋاتقانىكەن. توساتتىن بىر سوغۇق شامال چىقىپ، خانىش ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىپتۇ-دە، يىڭنىسى قولىغا سانچىلىپ كېتىپ قان چىقىپتۇ، ئۈچ تامچە قان قېلىن قارغا ساقىپ چۈشۈپتۇ. توق قىزىل قان ئاپئاق قاردا چاقناپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش شۇ يەردە ئولتۇرۇپ: ”ئەگەر مېنىڭ بالام بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، ئۇنىڭ رەڭگى خۇددى مۇشۇ قاردەك ئاق، قاندەك قىزىل، چېچى گويا مۇشۇ ئەبنۇس دەرىخىدەك قارا بولغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!“ دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ سەپەرگە جابدۇنۇپ، سادىق چاپارمەنلىرىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى باشلاپ جەڭگاھقا ئاتلىنىپتۇ. خانىش

ھەر كۈنى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ پادىشاھنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدىكەن.

ئون ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، روژدېستوۋ بايرىمى كۈنىمۇ كېلىپ قاپتۇ، خانىش دېرىزە ئالدىدا 300 كۈن ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئېرىنى ساقلاپ بولغىچە، ھارپا ئاخشىمى خۇدا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان قىز پەرزەنتى تۇغۇلۇپتۇ. قىزنىڭ رەڭگى قاردەك ئاق، قاندەك قىزىل، چېچى قاپقارا بولۇپ، ئەينى چاغدا خانىشنىڭ ئويلىغىنىدەكلا ئىكەن. بۇ چاغدا پادىشاھمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەپتۇ، ھەقىقەتەن ئامەت قوش كەپتۇ. ئەمما كىم بىلسۇن، خانىش ئۇزاق سېغىنىش ۋە غەم-قايغۇدىن ئاللىقاچان ھالسىدىن كەتكەن ئىكەن، ئۇ قەدىناس ئېرىگە بىرلا نەزەر تاشلاپ، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

پادىشاھ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ، بارلىق مېھرىنى كىچىك مەلىكىگە بېغىشلاپتۇ. ئۈچىنچى يىلى ئەتىيازدا پادىشاھ يەنە بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈپ خانىش قىلىپتۇ.

بۇ ئايال گۈزەل بولۇپ، بەدىنى زىلۋا ھەم قاملاشقان، رەڭگى ئاق ھەم يۇمران، ساھىبجامال ئىكەن؛ يەنە كېلىپ ئۇ ئەقىللىق، چاققان ئايال بولۇپ، ھەممە ئىشقا پۇختا ئىكەن. ئەمما بۇ چىرايلىق خانىش تەكەببۇر، سىپايىگەرلىك بىلەن ھەيۋە قىلىدىغان ساختىپەز، ھەسەتخور ئىكەن. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر ئايالنى ئەڭ چىرايلىق دېيىشىنى قەتئىي خالىمايدىكەن. شۇڭا خان ئوردىسىدا مەيلى مالاي ياكى ۋەزىر بولسۇن، ھېچكىم ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەن.

خانىشنىڭ قىزلىق مېلى ئىچىدە بىر سېھىرلىك ئەينەك بولۇپ، ھېچقاچان يالغان گەپ قىلمايدىكەن. خانىش ھەر كۈنى ئەتىگەندە قوپقاندا پادىشاھنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ

ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەينەكتىن سورايدىكەن:



— ئەي سۆيۈملۈك ئەينىكىم! ماڭا ئېيتقىنا، ماڭا راستچىللىق بىلەن ئېيتقىنا، مەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايالمۇ؟ رەڭگىم ھەممە ئايالدىن بەك قىزىل ھەم ئاقمۇ؟

ئەينەك زۇۋانىغا كىرىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدىكەن:

— سۆيۈملۈك خانىشىم، گۈزەللىكىڭگە گەپ كەتمەيدۇ، سەن ھەممىدىن بەك چىرايلىق، ھەممىدىن بەك قىزىل، ھەممىدىن بەك ئاق.

. خانىش ھەر كۈنى بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ناھايىتى مەمنۇن بولىدىكەن، چۈنكى، ئۇ ئەينەكنىڭ راست گەپ قىلىدىغىنىنى بىلىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، مەلىكە بارا-بارا ئۆسۈپ يېتىلىپ، بويىغا يېتىپ، كۈندىن-كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى ئاپئاق، قېشى قارا ھەم ئەگىم، رەڭگى ئاق ھەم قىزىل، چاچلىرى قارا ھەم پارقىراق بولۇپ، مىجەزىمۇ ياخشى، مۇلايىم ئىكەن، ئۇردىدىكى مالايلارمۇ، ۋەزىرلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن .

مەلىكە 16 ياشقا كىرگەن يىلى قوشنا ئەلنىڭ شاھزادىسى يېسەي ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۇنى سوراپ كەپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە يەتتە ئاۋات شەھەرنى، 140 ھەيۋەتلىك قەسرنى مەلىكىنىڭ قىزلىق مېلى قىلىپ تەييارلىماقچى بوپتۇ.



توي پۈتۈشكەن ۋاقىتتا باشلىنىپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ تويىغا ئاتاپ مول زىياپەت ھازىرلاپ، مېھمانلارنى ئەڭ ئېسىل تائام، ئېسىل ھاراق بىلەن كۈتۈشكە تەييارلىق قىلىپتۇ.

خانىش بىلەن مەلىكە ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىدا ياسىنىپ-تارىنىپتۇ. خانىش ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ، گۆھەر تاجىنى تاقاپتۇ، ئۇ ئەينىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ.

ئەينەك زۇۋانغا كىرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى جاۋابى بۇرۇنقىسىغا ئوخشىماپتۇ:

— سۆيۈملۈك خانىشىم، سەن ناھايىتى گۈزەل، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما مەلىكە ھەممىدىن بەك چىرايلىق، ھەممىدىن بەك ئاق ھەم قىزىل.

خانىش بۇنى ئاڭلاپ غەزەپتىن سەكرەپ كېتىپتۇ؛ تاجىنى يەرگە ئېتىپ، ئالتۇن كەشىنى چۆرۈۋېتىپ، پولنى قاتتىق تېپىپ، ئەينەكنى قوپاللىق بىلەن ئۇرۇپ ئۇنى تىللاپتۇ:

— ھۇ نىجىس ئەينەك، ئېمىشقا مېنى يامان نىيەتتە ئالدايسەن، مەلىكىنى گەرچە باشقىلار چىرايلىق دېيىشسىمۇ،

لېكىن ئۇ مەن بىلەن قانداقمۇ بەسلىشەلىسۇن؟ ھۆ نىجىس ئەينەك، ماڭا چاققان ئېيت، مەن ھەممىدىن گۈزەل، پۈتۈن دۆلەت، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە مەندەك گۈزەلدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ!

ئەمما ئەينەك ھەر قاچان راست گەپ قىلىدىكەن، ئۇ دەرھال ئۈنلۈك ئاۋازدا جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۆيۈملۈك خانىشىم، مەلىكە ھەممىدىن بەك چىرايلىق، ھەممىدىن بەك ئاق ھەم قىزىل.



خانىش ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، ئۇنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا قوپاللىق بىلەن چۆرۈۋېتىپتۇ، ئەمما بۇنداق قىلىسىمۇ ئىچىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ھەسەت ئوتىنى ئۆچۈرەلمەپتۇ. خانىش ھۇجرىنىڭ ئىچىدە غەزەپ بىلەن ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپتۇ، كۆڭلىدە بىر شۇم غەرەز پەيدا بوپتۇ.

— سەياننا، قېشىمغا چاققان كىر، — دەپ دېدىكىنى توۋلاپتۇ خانىش.

سەياننا تاشقىرىدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن سوراپتۇ:

— خانىش ئايىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟
خانىش زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئىش تاپىلاپتۇ:
— سەياننا، مەن ساڭا بىر ئىشنى تاپشۇرىمەن، دەرھال بېرىپ ئورۇنلا، ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمايدىكەنسەن جېنىڭنى ئالىمەن، مەلىكە دېگەن بۇ سەت سېكىلەك تېخى مەن بىلەن گۈزەللىكتە بەسلەشكۇدەك بوپتۇ، سەن مەلىكىنى دەرھال ھېلىقى قويۇق ئورمانلىققا باشلاپ كىرىپ قارىغايغا مەھكەم باغلىۋەت، ئۇ ئاچ بۆرىلەرگە تىرىك يەم بولسا ئاندىن ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشىدۇ. سەن بىر تال قارىغاي شېخىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ، ماڭا ۋەزىپەڭنى ئورۇنلىغانلىقىڭنىڭ ئىسپاتىنى كۆرسىتىسەن.
سەياننا خانىشنىڭ بۇيرۇقىغا ئامالسىز بويسۇنۇپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلاپ يارىلانغانلىقىنى، مەلىكىنىڭ تېزدىن ئۆزىگە ئەگىشىپ پادىشاھنى كۆرگىلى بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى ئالداپتۇ. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ، گىرىملىرىنىمۇ تاشلاپ سەياناغا ئەگىشىپ قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ، ناھايىتى يىراق بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سەياننا مەلىكىگە راستىنى دەپتۇ:



— تاش يۈرەك خانىش سېنىڭ ئۈنىڭدىنمۇ بەك گۈزەل، چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ، سېنى ئورمانلىققا ئېلىپ كىرىپ بۆرىلەرگە يەم قىلىۋېتىشىمنى بۇيرۇدى. ئوبدان بالام، ساڭا زىيانكەشلىك قىلغۇم يوق، جېنىڭنى ئېلىپ دەرھال قېچىپ كەتكىن!

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپ، بىر تال قارىغاي شېخىنى سۇندۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز قايتىپ كېتىپتۇ.

سەيانىنا ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، خانىشقا قارىغاي شېخىنى كۆرسىتىپ، ئىشىنى دوكلات قىلىپتۇ. خانىش ئۇنى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

پادىشاھ تەييارلىغان مول زىياپەت باشلىنىپتۇ، ئەمما مەلىكە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئوردىدىن، شەھەردىن ئالا قويماي ئىزدىشىپ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. پادىشاھ ئازابلىنىپ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، شاھزادە يېسەي پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئاتقا مىنىپ شەھەردىن چىقىپتۇ، ئۇ بولغۇسى ئايالى، گۈزەل مەھبۇبىنى ساق سالامەت قايتۇرۇپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولۇشىنى تىلەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپتۇ. پەقەت خانىشلا ئىچىدە خۇشال بوپتۇ، "ئورمانلىققا يالغۇز بەند قىلىۋېتىلگەن مەلىكە دەرھال ھالاك بولىدۇ، مەن يەنە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايالغا ئايلىنىمەن" دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا مەلىكە ئورمانلىقتا يالغۇز قېلىپ ناھايىتى قورقۇپتۇ. ئۇ بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بىر دەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، بىر نىشاننى تاللاپ ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇچلۇق تاشلاردىن، تىكەنلىك ئوت-چۆپلەردىن كېسىپ ئۆتۈپتۇ، بەزىدە ئۇنىڭ يېنىدىن بۆرىلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ چېقىلماپتۇ. مەلىكە ئورمانلىقتا مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، قانچىلىك

ماڭغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئارام ئاپتۇ. كېچىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق بولغىنىنى بىلەلمەپتۇ، ئاخىرى تاڭ يورۇپتۇ، مەلىكە يەنە ئالدىغا مېڭىۋېرىپتۇ. ناشتىلىق ۋاقتىدا ئۇ ئۆگزىسى ئېگىز بىر ئۆينى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ. بىر ئىت ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ قاۋىغىنىچە ئېتىلىپ كەپتۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈپلا قاۋاشتىن توختاپ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ، ئۇنى باشلاپ دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. ھويلا جىمجىت ئىكەن، ئىت مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن جىمجىت ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا قىزغىنلىق، سەممىيلىك كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئۆي يورۇق، ئازادە تۆر ئۆي بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا مەسىھنىڭ ھەيكىلى، ئۇنىڭ ئاستىدا دۇب ياغىچىدىن ياسالغان شىرە، شىرەنىڭ يېنىدا كىگىز سېلىنغان ئۇزۇن ئورۇندۇق بار ئىكەن؛ شىرەگە يەتتە كۈمۈش لېگەن قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر لېگەندە بىردىن كۈمۈش پىچاق، كۈمۈش ۋىلكا، ئىستاكان، يەنە كۈمۈش قوشۇق بار ئىكەن، تامنىڭ بىقىنىدا كاھىشتىن سېلىنغان كاڭ ئوچاقلىق كارىۋات قويۇقلۇق ئىكەن.



مەلىكە ئاچ ھەم ئۇسسۇز بولغاچقا شىرەدىكى لىگەندىن سەي ۋە بولكا ئېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي يەپلا كېتىپتۇ. ئۇ تويغاندىن كېيىن ئۆينى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ، ھەيكەلدىكى توپا-توزانلارنى سۈرتۈپتۇ، ھەيكەلنىڭ ئالدىدىكى شامنى ياندۇرۇپتۇ، ئوچاقتىكى ئوتنى تازا كۆيدۈرۈپ، كاگىنى ئىسسىتىپ، ئېگىز كارىۋاتقا چىقىپتۇ. ئۇ بىر كېچە ئۇخلىمىغاچقا، دۇئا قىلىپ بولماستىنلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

مەلىكە شۇ ئۇخلىغانچە چۈشتە ئاندىن ئويغىنىپتۇ. بۇ چاغدا ھويلىدىن قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپتۇ، مەلىكە ئالدىراپ كارىۋاتقىلا مۆكۈنۈپتۇ، ئۈنىنمۇ چىقىرالماپتۇ. ئۇ ئىشىكنىڭ "غىچ" قىلغان ئاۋازىنىلا ئاڭلاپتۇ، ئۆيگە يەتتە ئادەم كىرىپتۇ. بۇلار يەتتە پالۋان بولۇپ، ھەممىسى يۈزلىرى قىپقىزىل، ساقال-بۇرۇتلىرى يارىشىملىق، بىر-بىرىدىن كۆچتۈڭگۈر، سەممىي يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلار رەتلىك، پاكىز ئۆينى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى: "ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ! ئۆيدىكى ھەممە نەرسە شۇنچە رەتلىك، پاكىز بولۇپ قاپتۇ، چوقۇم بىركىم بۇ ئۆينى يىغىشتۇرۇپ قويدى" دەپتۇ. يەنە بىرى: "بىركىم شىرەدىكى سەي، بولكىغا چېقىلىپتۇ" دەپتۇ. يەنە بىرى: "ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم ئاچ قالغان" دەپتۇ. ئاندىن مەلىكە يەنە بىرىنىڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا: "سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، قەيەردىن كەلگەن مېھمان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمىز، شۇنداقتىمۇ بۇ ياققا چىقىڭ، بىز دوست بولايلى، ئۆيىمىزنى يىغىشتۇرۇپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. بىز ھەممىمىز سەممىي، دوستانە ئادەملەر، بۇ ياققا چىقىڭ" دەپتۇ.

مەلىكە ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەر بىرىگە تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىردان ئاكىلار، ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەن خىجىلمەن، رۇخسىتىڭلارنى ئالمايلا ئۆيۈڭلارغا كىرىۋېرىپتىمەن، يەنە تېخى تاماقىڭلارنى يەۋېرىپتىمەن، راستتىنلا خىجىلمەن، چۈنكى مەن تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ھېچنېمە يېمىگەن. مەن ئورمانلىقتا ئېزىپ قالدىم، كېچىدە ئارام ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ھېرىپ-ئېچىپ ھەم ئۇسساپ كەتكەن چاغدا ئۆيۈڭلارنى كۆردۈم. مەن سىلەرنى كەڭ قورساق، سەممىي پالۋانلار دەپ ئويلايمەن. مېنى، مەندەك ئەدەپسىز مېھماننى كەچۈرگەيسىلەر.



يەتتە پالۋاننىڭ ھەممىسى مەلىكىنىڭ گۈزەللىكىگە ھاڭ-تاڭ قاپتۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ھېلىقى يوقاپ كەتكەن مەلىكە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇلار تېخى بۈگۈن ئەتىگەندە بىر يولۇچىدىن ئاڭلىغان بولۇپ، مەلىكىنىڭ كۈتۈلمىگەندە بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشىنى ھېچقايسىسى ئويلاپ باقمىغانىدى. پالۋانلارنىڭ ئاكىسى مەلىكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈك مەلىكەم، تارتىنماڭ، بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنسىز، سىز بىزنىڭ ئۆز سىڭلىمىز، بىز سىزنىڭ ئاكىلىرىڭىز. كېلىڭ سۆيۈملۈك سىڭىل، بۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، چۈشلۈك تاماق يەيمىز.

شۇنداق قىلىپ يەتتە پالۋان پىشقان قاتلىمىلارنى ئېلىپ، ئىستاكانلىرىغا ئۆزلىرى ياسىغان شارابلارنى قۇيۇپ، مەلىكە بىلەن بىللە تاماق يەپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، تەبىئىي بولۇپ، مەلىكىگە ئۆز سىڭلىسىدەك ئوچۇق-يورۇق مۇئامىلە قىلىشىپتۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار مەلىكىنى ئەڭ ئۈستىدىكى يورۇق ئۆيدە ئارام ئېلىشقا ئېلىپ چىقىپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئورمانلىقتا يەتتە پالۋان بىلەن بىللە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇشال-خۇرام، بەختىيار، ئەركىن-ئازادە ھېس قىلىپتۇ. يەتتە پالۋاننىڭ قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشى ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلاش ئىكەن، بۇ ئورمانلىق ئۇلارنىڭ زېمىنى ئىكەن. ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە، شەرقتە تاڭ شەپىقى كۆتۈرۈلگەندە يەتتە قېرىنداش بىرلىكتە ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىدىكەن. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى كۆلگە بېرىپ ياۋا ئۆردەكلەرنى ئىزدەيدىكەن، ياكى ئورمانلىققا كىرىپ بۇغا-مارال، بۆرىلەرنىڭ شەپىسىنى تىڭ-تىڭلايدىكەن. ئەگەر بىراۋلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغىنىنى كۆرسە، ھەممىسى بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى ئورمانلىقتىن قوغلىۋېتىدىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى ھايۋانلاردىن بىر ئاز ئوۋلاپ، ئاندىن غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ ناخشا توۋلاپ ئۆيىگە قايتىدىكەن. مەلىكە خۇددى ئۆي ئايالىغا ئوخشاش ئۆيلەرنى تازىلاپ، تاماق تەييارلايدىكەن. يەتتە پالۋان ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىپ كەلسە ئۇلارغا ئىسسىق، مېزىلىك تائام ۋە تولدۇرۇپ قۇيۇلغان شاراب تەييار تۇرىدىكەن. ئەمما ئۇلار يەنىلا

ئۆزلىرىنى خۇش چىراي قارشى ئالغان گۈزەل مەلىكىنى كۆرسە ئەڭ خۇشال بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يەتتە پالۋان ھەسرەتتە قاپتۇ: "ھەممىمىز بۇ قىزغا ئاشىق، لېكىن ئۇ پەقەت بىر، يەتتەيلەنگە تەڭ ياتلىق بولالمايدۇ!" يەتتە پالۋان ئۇيان ئويلاپ- بۇيان ئويلاپ، ھېچقانداق ياخشى ئامال تاپالماپتۇ.

كېيىن پالۋانلارنىڭ ئاكىسى مەلىكىگە:

— قىزچاق، سىزمۇ بىلىسىز، سىز بىزنىڭ ياخشى سىڭلىمىز. بىز يەتتە قېرىنداش ھازىر سىزگە ئاشىق بولۇپ قالدۇق، سىز بىلەن توي قىلالىسا ھەر كىم خۇشال بولىدۇ. خۇدانىڭ ھەققىدە، قانداقلا بولمىسۇن ئىشىمىزنى ئاسان قىلىڭ، ئارىمىزدىن بىرىنى تاللاڭ، ئۇ ئاندىن سىز بىلەن شەرەپلىك ھالدا توي قىلسۇن. قالغانلىرىمىز يەنىلا سىز ئۈچۈن خۇشال بولىمىز، سىزنى يەنىلا سۆيۈملۈك سىڭلىمىز دەپ بىلىمىز.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھېچ ئويلانماستىنلا بېشىنى چايقاپتۇ:

— ئاكا، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس!

يەتتە پالۋان ناھايىتى ھەيران قاپتۇ، پالۋانلارنىڭ ئاكىسى سوراپتۇ:

— نېمىشقا؟ زادى نېمىشقا؟ ئەجەبا سىز ھەممىمىزنى رەت قىلامسىز؟ سۆيۈملۈك سىڭىل، قېنى بىزگە ئېيتىڭچۇ؟ بىز دۆت، سىز ئەقىللىق بولغاچقا، سىزگە ماس كەلمەيۋاتامدىمىز؟ ياكى بىز سەت، سىز گۈزەل بولغاچقا سىزگە يارىمايۋاتامدىمىز؟ ۋە ياكى بىز پەس، سىز ئېسىل بولغاچقا، سىزگە تەڭلىشەلمەيۋاتامدىمىز؟

— ئەي قەدىردان ئاكىلار، سىلەرگە نېمە دېسەم بولار، — دەپتۇ مەلىكە پالۋانلارغا ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ، — كۆڭلۈمدە ھەممىڭلار ئوخشاش سەممىي، باتۇر، ئەقىللىق يىگىتلەر؛ مەن ھەممىڭلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن مەن تەقدىرىمنى ئالىلقاچان باشقا بىرىگە تاپشۇرغان، مەن ئالىلقاچان توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان قىز. مەن شاھزادە يېسەينى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، بۇ مۇھەببەت سىلەرگە بولغان مۇھەببەتكە ئوخشمايدۇ!

يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ، بۇ چاغدا تۆتىنچى پالۋان چاققان كېلىپ، مەلىكىگە تەزىم قىلىپ:

— سۆيۈملۈك سىڭىل، ئەدەپسىزلىكىمىزنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ئالىلقاچان توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ بولغان قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمىز. بىزنى كەچۈرۈڭ، بىز بۇندىن كېيىن بۇ ئىشنى ھەرگىز تىلغا ئالمايمىز، سىزمۇ بىزدىن ھەرگىز خاپا بولماڭ، — دەپتۇ.

— مەن خاپا بولمايمەن قەدىردان ئاكىلار، — دەپتۇ مەلىكە پەس ئاۋازدا، — سىلەرمۇ مېنىڭ رەت قىلىشىم سەۋەبىدىن ماڭا قارىماي قويماڭلار.

— ئۇنداق قىلمايمىز سۆيۈملۈك سىڭلىم، — دەپتۇ يەتتە پالۋان تەڭلا، ئۇلار مەلىكىگە تەزىم قىلىپ ئاندىن ئورمانلىققا ئاستا قايتىشىپتۇ.

بۇ كۈنى ئاخشىمى يەتتە پالۋان سېمىز بىر بۆرىنى ئوۋلاپ قايتىپتۇ، مەلىكە ئۇلار بىلەن بىللە بۇ كاتتا غەنىيمەتنى تەبرىكلەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە پالۋانلار بىلەن بىللە ئىناق، خۇشال ھايات كەچۈرۈپتۇ.
مەلىكە ئورمانلىقتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى — رەزىل خانىش مەلىكىنى ئاللىقاچان بۆرىلەرگە يەم بولدى، دۇنيادا مەن ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ جەلپكار دەپ يۈرۈپتۇ.
بىر كۈنى ئۇ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ سېھىرلىك ئەينەكنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئاپتۇ-دە، ئۇنى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن دەرھال تېپىپ سوراپتۇ:
— سۆيۈملۈك ئەينىكىم! ماڭا ئېيتقىنا، راستىنى دېگىنە، مەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايالمۇ؟ ھەممە ئادەمدىن ئاق ھەم قىزىلمۇ؟
ئەمما ئۇ ئەينەكنىڭ مۇنداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىماپتۇ:
— سۆيۈملۈك خانىشىم، سېنىڭ گۈزەللىكىڭگە قىل سىغمايدۇ، ئەمما بۇك-باراقسان دۇب دەرەخزارلىقىدا، يەتتە پالۋاننىڭ ئۆيىدە تونۇلمىغان بىر مەلىكە ئولتۇرىدۇ، ئۇ سېنىڭدىنمۇ چىرايلىق، سېنىڭدىنمۇ قىزىل ھەم ئاق.
تەكەببۇر خانىش غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ، بىچارە سەياناني تاپتۇرۇپ كېلىپ سوراقا تارتىپ قامچىلاپتۇ. سەياننا بۇ قىيناشقا چىدىماي ئاخىرى ھەممىنى دەۋېتىپتۇ، خانىش ئۇنى زىندانغا سولاپتۇ. رەزىل خانىش ئۆزى بىلەن گۈزەللىكتە بەسلەشكەن رەقىبىنى — لەنىتى مەلىكىنى جەزمەن ئۆز قولى بىلەن يوقىتىش قارارىغا كەپتۇ.
بىر كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق چاغدا يەتتە پالۋان ئەتىگەندىلا ئىشكىتىن چىقىپ ئوۋچىلىق قىلغىلى مېڭىپتۇ. مەلىكە

ئۆيدە قېلىپ ئۆينى تازىلاپ، ئاندىن دېرىزە يېنىدا يىپ ئېگىرگەچ، قەدىردان ئاكىلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

مەلىكە دېرىزە يېنىدا ناخشا ئېيتقاچ يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرسا، ئىشىك ئالدىدا توساتتىن ئىت قاۋاپ كېتىپتۇ ، مەلىكە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا،مىلىچمال ساتىدىغان بىر موماي ئىشىك ئالدىدا تۇرغىدەك. موماي ھاسىسى بىلەن ئىتنى قوغلىغاچ توۋلاپتۇ:

— مال ساتىمەن، مال ساتىمەن!

مەلىكە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— تىنچلىقمۇ قەدىرلىك موما، نېمە ساتىسىز؟— دەپتۇ.

موماي:

— دەل سەندەك چىرايلىق قىزلارغا ماس كېلىدىغان چىرايلىق نەرسە، ھەر خىل رەڭلىك، ھەر خىل پاسوندىكى لېنتىلارنى ساتىمەن،— دەپتۇ ۋە بەش خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان بىر تال لېنتىنى چىقىرىپتۇ.

مەلىكە بۇنداق لېنتىنى ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ، ئىتنى بىر ياققا ھەيدىۋېتىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ: ”موما، مەن مۇشۇ لېنتىنى ئالاي“ دەپتۇ.

مەلىكە پۇلنى تۆلەپ بولسىمۇ موماي رەڭدار لېنتىنى ئۇنىڭغا بەرمەي:

— قىزچاق، سەن شۇنچە گۈزەل ئىكەنسەن، دۇنيادا تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەنسەن. كەل، مەن ساڭا بۇ لېنتىنى باغلاپ، بۇ گۈزەللىكىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي،— دەپتۇ.

مەلىكە بۇنىڭ رەزىل ئۆگەي ئانىسى تاپقان ھىيلە ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمەپتۇ. ئۆيدىكى ئىت توختىماي قاۋاپ، مومايغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى چىشلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەلىكە ئۇنى

قوغلىۋېتىپتۇ. مەلىكە موماينىڭ يېڭى لېنتا باغلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما موماي لېنتىنى توساتتىن مەلىكىنىڭ بوينىغا چىڭ باغلىۋاپتۇ، مەلىكە نەپەسلىنەلمەي يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ هوشىدىن كېتىپتۇ. ئىت ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ بۇ جەددالنى چىشلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ هاسىسىنى شىلتىپ ئىتنى قوغلىغاچ: "مەلىكە، سەن ئەمدى دۇنيادىن ئۆتكەن گۈزەللەر گۈزىلى بولىدىغان بولدۇڭ" دەپتۇ. ئىت توختىماي ئېتىلىپ كېلىپ چىشلىگەچكە، موماي هويلىدا تۇرالماي تالاغا قېچىپ چىقىپتۇ.

يەتتە پالۋان ئاخشىمى ئۆيگە كېلىپ قارىسا، سۆيۈملۈك مەلىكە يەردە مىدىر-سىدىر قىلماي ئۆلۈكتەك ياتقۇدەك، ئىت ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئاچچىق قاۋاپ تۇرغىدەك. يەتتە پالۋان هەيران بولۇپ، مەلىكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ بوينىدا چىڭ بوغۇۋېتىلگەن لېنتا تۇرغىدەك، ئۇلار لېنتىنى دەرهال كېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ئاران نەپەس ئېلىپ، ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەپتۇ. يەتتە پالۋان مەلىكىدىن بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، بۇ ئىشنى مەلىكىنىڭ ئۆگەي ئانىسى قىلغانلىقىنى پەملەپ مەلىكىگە:

— سۆيۈملۈك سىڭىل، سىز كۆرگەن ئۇ سېتىقچى موماي باشقا بىر كىم ئەمەس، دەل سىزنىڭ رەزىل ئۆگەي ئانىڭىز. چوقۇم ئېهتىيات قىلىڭ، ئۇنى يەنە كېلەمدىكىن دەپ ئويلايمىز، بىز يوق چاغدا ئۆيگە هېچكىمنى كىرگۈزمەڭ، — دەپتۇ.

مەلىكە ماقۇل دەپتۇ.

خانىش ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، سېهىرلىك ئەينەكتىن يەنە "كىم ئەڭ گۈزەل" دەپ سوراپتۇ، ئەينەك يەنىلا "يەتتە پالۋاننىڭ ئۆيىدىكى قىز ئەڭ گۈزەل" دەپتۇ.

خانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەسەم قىلىپتۇ.

ئۇ بىر ئايال پېرىخۇندىن زەهەر ياساش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، بىر دانە زەهەرلىك تارغاق ياساپتۇ. بۇ تارغاق ئاجايىپ ئىكەن: قولىغا ئالسا، تۇتسا هېچنېمە بولمايدىكەن، ئەمما ئۇنىڭدا چاچ تارىسا ئادەم زەهەرلىنىپ قالىدىكەن. خانىش بۇ تارغاقنى ياساپ بولۇپ، يەنە موماي سىياقىدا ياسىنىپتۇ؛ يەتتە پالۋاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، "مال ساتىمەن، مال ساتىمەن" دەپ توۋلاپتۇ.

يەتتە پالۋان بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كۆل بويىغا ياۋا ئۆردەك ئوۋلىغىلى كەتكەن بولۇپ، مەلىكە كىر يۇيۇۋاتقانىكەن، ئۇ تالاغا قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— بىز هېچنېمە ئالمايمىز، يولۇڭغا ماڭ، مەن بۇ ئۆيگە بىر كىمنىڭ كىرىشىنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

ئەمما موماي تالادا تۇرۇپ يەنە:

— ساڭا بىر نەرسە كۆرسەتسەمغۇ بولار، — دەپتۇ ۋە هېلىقى زەهەرلىك تارغاقنى چىقىرىپ ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. مەلىكە بۇ تارغاقنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قاپتۇ ھەمدە مومايىنىڭ مېھرىبان چىرايىنى، يېقىملىق تۇرقىنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە: "بۇ مومايىنىڭ خانىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، خانىش ئەزەلدىن مۇز چىراي" دەپتۇ-دە، بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— موما، بۇ تارغىقىڭنى نەچچىگە ساتىسەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— پاھ، قىزچاق، سەن نېمانچە چىرايلىق! پەقەت سەنلا مېنىڭ بۇ تارغىقىمغا لايىق ئىكەنسەن. قارا، بۇ تارغاقنىڭ جازىسى زۇمرەتتىن، چىشلىرى پىل چىشىدىن ياسالغان، ئۈستىگە تېخى مارجان كۆز قويۇلغان. بۇ تارغاق بىلەن چېچىڭنى تارىساڭ

چېچېكى قاپقارا بولۇپ، مەڭگۈ ئاقارمايدۇ. قىزچاق، مەن بىر قاراپلا سېنى مۇشۇ تارغاقنىڭ ئىگىسى بولۇشقا لايىق دەپ ئويلىدىم. مۇنداق بولسۇن، سەندىن پەقەت ئۈچ تىللا ئالاي، — دەپتۇ موماي.

مەلىكە بۇ تارغاقنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، مومايىنىڭ ئۆزىنى گۈزەل دەپ توختىماي ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بوپتۇ-دە، مومايغا: "بوپتۇ، ئۈچ تىللا بولسا بولسۇن، مەن بۇ تارغاقنى ئالدىم" دەپ، ئۈچ تىللانى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

موماي يەنە مەلىكىگە:

— قىزچاق، سەن بەك چىرايلىق ئىكەنسەن، مەندەك قېرى مومايمۇ سېنى كۆرسە ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، كەل، مەن سېنىڭ چېچىڭنى تاراپ قوياي، — دەپتۇ.

بىچارە مەلىكە مومايىنىڭ شۇم نىيىتىنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چېچىنى تارىغۇزۇپتۇ. تارغاق باشقا سانجىلىشى بىلەن تەڭ زەھەر ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپتۇ، مەلىكە بىر دەمدىلا ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

موماي بۇ يەردە خۇشال تۇرغان پەيتتە توساتتىن سىرتتىن ئىتنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپتۇ. ئەسلىدە، يەتتە پالۋان ئىتىنى ئېلىپ كۆل بويىغا كېلىپ بىر تالمۇ ئۆردەك ئوۋلاپ بولالماي تۇرۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئىتى قاتتىق قاۋاپ كەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ كىيىمىنى چىشلەپ ئۆيى تەرەپكە تارتقانىدى. پالۋانلار: "بۇ ئىت بىر نېمىنى سەزدىمۇ نېمە، ئۆيدە يالغۇز قالغان مەلىكىگە بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟" دەپ ئويلاپ، ئوۋچىلىقنى دەرھال تاشلاپ، ئۆيلىرىگە تېزدىن ئاتلانغانىدى. موماي ئىتنىڭ قاۋاشلىرىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن بىر دەممۇ تۇرالماي، ئورمانلىققا بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

يەتتە پالۋان ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، دەرۋەقە مەلىكە يەردە ياتقۇدەك، ئۇلار مەلىكىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى يەنە قۇتقۇزۇپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار مەلىكىگە نەسىھەت قىلىپ: "سۆيۈملۈك سىڭىل، بۇنىڭدىن كېيىن بەكمۇ دىققەت قىلىڭ، ھەر قانداق ناتونۇش ئادەمنى ئەمدى ھەرگىز ئۆيگە كىرگۈزمەڭ، چۈنكى بىز سىزنى يوقىتىپ قويساق چەكسىز ئازابلىنىمىز" دەپتۇ. مەلىكە قىزىرىپ، پەس ئاۋازدا ماقۇل دەپتۇ.

رەزىل خانىش ئورمانلىقتىن ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ يەنە ئەينەك بىلەن پاراڭلىشىپتۇ، ئەمما ئەينەك يەنىلا يەتتە پالۋاننىڭ ئۆيىدىكى قىزنىڭ ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

خانىش بۇ قېتىممۇ مەلىكىنى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، ھەسەت ئوتىدا لاۋۇلداپ يېنىپتۇ: "مەن جەزمەن ئەڭ ياخشى چارە تېپىپ، سەندەك لەنىتىنى ھامان ئۆلتۈرىۋېتىمەن!" دەپ كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم قەسەم قىلىپتۇ.

خانىش ئوردىدا قاتتىق ئويلىنىپ، ئاخىرى بىر يامان چارىنى تېپىپ چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇ مەخپىي ھۇجرىسىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز بېكىنىپ ئاخىرى بىر دانە ئالما ياساپ چىقىپتۇ. بۇ ئالمىنىڭ يېرىمى قىزىل، يېرىمى ئاق ئىكەن؛ قىزىل تەرىپى ئوتقاشتەك قىزىل، ئاق تەرىپى قاردەك ئاق ئىكەن، تېخى يىراقتىنلا ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىغىلى بولىدىكەن، پۇرىقى كىشىنى بىنتايىن زوقلاندۇرىدىكەن.

بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، شامال چىقىۋاتقانىكەن. يەتتە پالۋان ئەتىگەندىلا ناشتا قىلىپ بولۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، ئۆينى يىغىشتۇرۇپتۇ، كىر يۇيۇپ، تاماق ئېتىپتۇ، ئىت ھويلىدا ئەسنەپ يېتىپتۇ.

چۈش بوپتۇ، ھاۋا يەنىلا تۇتۇق ئىكەن، شامال كۈچىيىپ كېتىپتۇ، مەلىكە يەتتە پالۋاندىن ئەنسىرەپ، دېرىزىنىڭ يېنىدا يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرسا، توساتتىن ھويلىدا ئىت قاۋاپ كېتىپتۇ. مەلىكە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، بىر تىلەمچى موناخ ئايال تالادا تۇرغىدەك، ئۇ كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ يىرتىلمىغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان، يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ بېلى مۈكچىيىپ كەتكەن، مەيدىسىگىچە چۈشكەن مارجىنىغا ياغاچ كرېست ئېسىۋالغان ھەقىقىي موناخ ئايال ئىكەن!

ئىت ھويلىدا قاۋاپ، ئېتىكلىك ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تاتىلاپتۇ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ مومايىنى چىشلەيدىغان ئەلپازدا ۋەھشىيلىشىپتۇ. موناخ ئايال ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ توختىماي دۇئا قىلىپتۇ: ”خۇداغا شۈكرى، قىزچاق، ماڭا بىر بولكا بەرسىڭىز، مەن ئورمانلىقتا يولدىن ئېزىپ قالدىم، ئۈچ كۈن ئايلاندىم، تاماق يېمىدىم. قىزچاق، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن سىزگە ئۇچراپ قالدىم. خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن، خۇداغا ھەمدۇسانالار بولسۇن!“.



مەلىكە موناخنىڭ بۇنداق بىچارىلىكىنى، خۇداغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ بۇنداق كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ بولكا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئىت ئېتىلىپ چىقىپ، ئىتائەتمەن موناخقا ئېسىلىپتۇ. موناخ ھاسىسى بىلەن ئىتنى قوغلىغاچ:

— قىزچاق، سەن ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئىكەنسەن، خۇدا سېنىڭ ياشلىق باھارىڭنى مەڭگۈ ساقلىغاي، لېكىن بۇ ئىتنىڭ ماڭا ئېسىلىپ ئازاب سالدى، ئۇنى قوغلىۋېتەلەمسەن؟— دەپتۇ.

— ماقۇل موما، مەن ئۇنى چاقىراي،— دەپتۇ مەلىكە ۋە ئىتقا قاتتىق بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى ھويلىغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ.

— قىزچاق، سەن ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئىكەنسەن، لېكىن بۇ ئىت مۇشۇنداق غەلىتە ئىكەن، مېنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى. قىزچاق، بولكاڭغا رەھمەت، خۇداغا شۈكرى، ماڭا ئۇنى ئەكىلىپ بەرگىن بولامدۇ؟ — دەپتۇ موناخ. ئۇ ئىتنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سەل قورقۇپتۇ.

— بولىدۇ، مەن ساڭا ئەكىلىپ بېرەي، — دەپتۇ مەلىكە ۋە تالاغا مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ، ئەمما ئىت ئۇنىڭ يېنىدا قاۋاپ، يولىنى توسۇپ، ئىشىكتىن چىققىلى قويماي تۇرۇۋاپتۇ. — راستتىنلا ئامال بولمىدى، خوجايىنلىرىنى ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ بۇ، — دەپتۇ مەلىكە ۋە مېڭىشتىن توختاپتۇ.

موناخ ئايال مەلىكىنىڭ ئالدىغا ماڭمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىپ كەپتۇ، "بۇ ئىت راستتىنلا غەلىتە ئىكەن، بەلكىم ياخشى ئۇخلىمىغان ئوخشايدۇ" دەپتۇ. ئەمما بۇ ئىتنىڭ كەيپىياتى ساز بولۇپ، موناخنىڭ مەلىكىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە ئېتىلىپ كەپتۇ، ئورمانلىقتىكى بۆرىدىنمۇ بەك ۋەھشىيلىشىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە ئىتنى دەرھال چاقىرىپ، موناخقا: "موما، بولدىلا، بۇ ئىت بۈگۈن سەل ئېلىشىپ قاپتۇ، قېنى ئېلىڭ، بولكىنى تۇتۇڭ!" دەپ بولكىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. قېرى موناخ بولكىنى ئېلىپ،

مەلىكىگە: ”قىزچاق، رەھمەت ساڭا، خۇدا سەندەك ئاق كۆڭۈل ئىنسانىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. ئەمدى بۇ ئىشىك ئالدىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ بۇ ئۈچ كۈندىن بۇيانقى تۇنجى چۈشلۈك تامىقىمنى يېيىشكە رۇخسەت قىلساڭ“ دەپتۇ.

مەلىكە ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ، ئىت قېچىپ چىقىپ ئۇنىڭ چۈشلۈك تاماق يېيىشىگە دەخلى قىلمىسۇن دەپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپتۇ.

موناخ ئايال چىملىقتا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەنىدەك قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. ئۇ توساتتىن بىر نېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، يانچۇقىدىن بىر دانە ئالمىنى چىقىرىپ: ”قىزچاق، ھىممىتىڭگە رەھمەت، بۇ ياخشىلىقىڭنى قايتۇرغىدەك تۈزۈك نەرسەممۇ يوق، بۇ بىر تال ئالمىنى ئىككىمىز بۆلۈشۈپ يېسەك“ دەپتۇ ۋە يانچۇقىدىن بىر قەلەمتىراچنى چىقىرىپ، ئالمىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئاق تەرىپىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قىزىل تەرىپىنى مەلىكىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئىت تۈيۈقسىز سەكرەپ، قاتتىق ھاۋشىپ، ئۇ ياقتىن تاشلاپ بېرىلگەن ئالمىنى چىشلەپ تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ، ئەمما مەلىكە ئىككى قولىنى چىقىرىپ، ئالمىنى تۇتۇۋاپتۇ.



كىشىنى نەقەدەر ھۇزۇرلاندۇرىدىغان خۇش پۇراق-ھە! ھەم شۇنچىلىك كۆركەم، قىپقىزىل بىر ئالما،



مەلىكە ھەقىقەتەن خۇشال بوپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا موماي يەنە: "ئاق كۆڭۈل قىزچاق، ماڭا بەرگەن چۈشلۈك تامىقىڭغا رەھمەت. مەن ماڭاي، قىزچاق، يەنە كۆرۈشەرمىز" دەپتۇ-دە، مەلىكىگە بىر تەزىم قىلىپ، ئالمىسىنى يېگەچ شەرققە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەت مەلىكىگە ئەگىشىپ ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۇ بىر ياقتىن قاۋىسا، بىر ياقتىن مەلىكىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارايدىكەن. مەلىكە يېرىم ئالمىنى دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپ، ئىتنىڭ ئۇزۇن تۈكلىرىنى سىلاپتۇ، "جىمراق بول سۆيۈملۈكۈم، ھېچ بىلمىدىم، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، ياتقىن سۆيۈملۈكۈم، بىر دەم ياتساڭ ئوڭشىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن" دەپتۇ ۋە دېرىزىنىڭ ئاستىغا كېلىپ يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ؛ ئاكىلىرى قايتىپ كەلگەندە ئۇلارغا كەچلىك تاماق تەييارلىماقچى بوپتۇ. شۇغىنىسى، ئۇ قىپقىزىل ئالما شۇنچە پارقىراق، شۇنچە كۆركەم، شۇنچە خۇش پۇراق ئىكەنكى، ئىچىگە ھەسەل شىرنىسى قاچىلانغاندەك تۇيۇلىدىكەن، مەلىكە ئۇ ئالمىغا ئىختىيارسىز قارايدىكەن، ئالمىنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراقلىرى شامالغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن.

"تاماق ۋاقتىدا ئاكىلىرىم بىلەن بىللە يەي" دەپتۇ مەلىكە ئۆزىگە، ئەمما ئۇ كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق كېلىۋېرىپ، مەلىكە پەقەت تاقەت قىلالماپتۇ. "مەن ئۆزۈمنىڭ نېسىۋىسىنى يەي" دەپتۇ

مەلىكە. ئاندىن ئاشخاندىن بىر قەلەمتىراچنى ئېلىپ، ئالمىدىن كىچىك بىر پارچە كېسىپ ئېلىپ، ئوتتۇرىسىدىن ئېلىپ، ئوتقاشتەك قىزىل لېۋىگە ئاپىرىپ، ئالدىرىماي ئاززاقلا چىشلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت بېشى قېيىپ، نەپەسلىرى توختاپ قاپتۇ، ئىككى قولى ساڭگىلاپ چۈشۈپتۇ، قولىدىكى ئالما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ ھەيكەلنىڭ ئاستىغىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىغا تارتىلىپ، بېشى ئۇزۇن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ، جىمجىت، ئۈن-تىنسىز قېتىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە رەزىل خانىش بۇ قېتىم ياسىغان يېرىمى ئاق، يېرىمى قىزىل ئالمىنىڭ ئاق تەرىپىدە زەھەر يوق بولۇپ، قىزىل تەرىپىنى يېسىلا ئادەم زەھەرلىنىپ قالىدىكەن.

بۇ كۈنى يەتتە قېرىنداش ناھايىتى كەچ قايتىپ كەپتۇ، ئۇلار ئۆيىگە كەلمەي تۇرۇپلا ئىتنىڭ قاتتىق قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ، "چوقۇم بىر ئىش چىقتى، — دېيىشىپتۇ يەتتە پالۋان، — تېز ئاتلىنايلى". يەتتە پالۋان ئاتلىرىنى قاتتىق چاپتۇرۇپ، ئۆيىگە ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ. قارىسا مەلىكىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىغا تارتىلىپ كەتكەن، نەپەسلىرى ئاللىقاچان توختىغان. يەتتە پالۋان دەررۇ ئۇنىڭ بوينىدىكى رەڭدار لېنتىنى يېشىپتۇ، چېچىنى تاراپتۇ، سۇ ۋە ھاراق بىلەن ئۇنى يۇيۇپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بولماپتۇ، سۆيۈملۈك مەلىكە ئۆلۈپ قاپتۇ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئىت توساتتىن ئۆيگە كىرىپ، ھېلىقى ئالمىغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بىرلا چىشلەپ يۇتۇۋېتىپتۇ-دە، يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. پالۋانلار شۇ چاغدىلا ئالمىنىڭ ئىچىگە زەھەر قويۇلغانلىقىنى بىلىپتۇ.

يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ جەسىتىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ بېشىنى ئېگىپ، مۇقەددەس دۇئالارنى ئوقۇپتۇ: ”ئارام تاپقىن سۆيۈملۈك سىڭىل، خۇدا سېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ“. پالۋانلار مەلىكىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپلا ئولتۇرۇپتۇ، ھېچكىممۇ ئۇنى كۆمىدىغان گەپنى قىلماپتۇ؛ ئۇلار مەلىكىنىڭ قېشىدا ئاشۇنداق ئولتۇرۇپتۇ، ئاش-تاماق يېمەپتۇ، سۇمۇ ئىچمەپتۇ، مەلىكىگە مەڭگۈ مۇشۇنداق ھەمراھ بولۇشنىلا ئويلاپتۇ.



يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ جەسىتى يېنىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرۇپتۇ، قارىسا مەلىكە قىلچىمۇ ئۆزگەرمەي شۇنچىلىك خاتىرجەم، تىرىكتەك ياتقۇدەك، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياتقان بولۇپ، خۇش تەبەسسۇمى لېۋىدە بەختىيارلىق بىلەن جىلۋىلىنىپ تۇرغىدەك.

پالۋانلار يەنە ئۈچ كۈن كۈتۈپتۇ، ئەمما مەلىكە يەنىلا ئويغانماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنىڭ جەسىتىنى چاققانغىنە ياسىتىلغان خرۇستال ساندۇققا سېلىپ قويۇپتۇ، مەلىكىنىڭ قىياپىتى يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ.



شۇ كۈنى ئاخشىمى يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ جەسىتى سېلىنغان خرۇستال ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چەت ياقىدىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىپتۇ؛ ئۆڭكۈرگە ئالتە تال تۆمۈر تۈۋرۈك قېقىپ، ئاندىن خرۇستال ساندۇققا ئالتە تال تۆمۈر هالقا بېكىتىپ، تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇپتۇ، تۆت تەرىپىنى رېشاتكىلاپتۇ. يەتتە پالۋان بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن مەلىكىنىڭ — ئۆلۈپ كەتكەن سىڭلىسىنىڭ روهىغا تەزىم قىلىپتۇ. پالۋانلارنىڭ ئاكىسى: ”سۆيۈملۈك سىڭىل، بۇ يەردە ئارام ئېلىڭ، سىز شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل، شۇنچىلىك گۈزەل، خۇدا سىزنى ئۆز پاناهىدا ساقلايدۇ. گەرچە رەزىل قوللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان بولسىڭىزمۇ، روهىڭىز چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ. بىز سىزنىڭ جەسىتىڭىزنى مەڭگۈ قوغدايمىز، قېشىڭىزدا مەڭگۈ هەمراھ بولىمىز، ئارام ئېلىڭ سۆيۈملۈك سىڭىل!“ دەپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ يەتتە پالۋان هەر كۈنى ئۆڭكۈردە تۇرۇشقا بىر ئادەم ئەۋەتىپ، مەلىكىنىڭ جەسىتىگە هەمراھ بوپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، مەلىكىنىڭ جەسىتى جەسەت ساندۇقىدا

شۇنچە ئۇزۇن تۇرسىمۇ، چىرايى ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇ گويا ئۇخلاۋاتقاندەك ياتىدىكەن، رەڭگى ئاق ھەم قىزىل بولۇپ، لېۋى دائىم ئوتقاشتەك قىزىل، چېچى دائىم قارا ئەبنوستەك قاپقارا، پارقىراق تۇرىدىكەن، بۇرۇنقىدەكلا كۆلۈمسىرەپ ياتىدىكەن. بۇنىڭدىن پالۋانلار ناھايىتى خۇشال ئىكەن، "مەلىكە چوقۇم ئۆلمىدى، ھامان بىر كۈنى ئويغىنىپ، پالۋانلار بىلەن بىللە گۈزەل ھايات كەچۈرىدۇ" دەپ ئويلايدىكەن.

رەزىل خانىش ئورمانلىقتىن ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئەينەكتىن بۇرۇنقى سوئالىنى سوراپتۇ. بۇ قېتىم ئەينەك ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. خانىشنىڭ خۇشاللىقى كۆككە يېتىپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ مەلىكىنىڭ راستتىنلا ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا پادىشاھنىڭ كېسىلى ئىزچىل ياخشىلىنالماپتۇ، خانىشمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ خوتۇننى ئالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپتۇ.

مەلىكىنىڭ يىگىتى شاھزادە يېسەي مەلىكە يوقاپ كەتكەندىن تارتىپ كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپتۇ؛ ئارغىماققا مىنىپ، ھەممە ياقتا چېپىپ، شۇنچە ئىزدەپمۇ مەلىكىنى تاپالماي، قەلبى چەكسىز ھەسرەتكە تولۇپتۇ.

جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھېرىپ كەتكەن شاھزادە بىر كۈنى كەچقۇرۇندا ئاتقا مىنىپ كېتىۋېتىپ، كەچكى شەپەق ئاستىدا تۇرۇپ، ئوتقاشتەك قىزىل قۇياشقا قاراپ: "ياخشىمۇسەن قەدىرلىك قۇياشىم، سەن ھەر كۈنى ئاسماندا ھەرىكەتلىنىسەن، دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىسەن. ئۇنداقتا سەن رەڭگى ئاق ھەم قىزىل، لەۋلىرى توق قىزىل، ساھىبجامال،

چاچلىرى قارا ھەم پارقىراق ياش بىر مەلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ ماڭا ئېيتقىنا قەدىرلىك قۇياش ، مەن ئۇنىڭ يىگىتى. مەن ئۇنى ھەممە يەردىن ئۈچ يىل ئىزدىدىم، ھازىر ئاتمۇ ھېرىپ قالدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدىم“ دەپتۇ.



ئويلىمىغان يەردىن قۇياش راستىنلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: ”قەدىرلىك شاھزادەم، مەن بۇ مەلىكىنى- سېنىڭ گۈزەل مەھبۇبەڭنى كۆرمىدىم، بەلكىم ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى، بەلكىم كۈندۈزى تالاغا چىقمىغان بولۇشى مۇمكىن، سەن قوشنامدىن سوراپ باق، بەلكىم ئاي قانداقتۇر بىر يەردە ئۇنى كۆرگەن، ئىزىنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىن“.

شاھزادە قۇياشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئازابلىنىپتۇ ھەم قايغۇرۇپتۇ، كېچىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاي ئەمدى چىقىشىغا شاھزادە تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپتۇ: ”ئەي ئاي، مېنىڭ ياخشى دوستۇم! سەن رەڭگى قىزىل ھەم ئاق، ساھىبجامال، چاچلىرى ئەبنۇس دەرىخىدەك قارا ھەم پارقىراق، گۈزەل بىر مەلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ ماڭا ئېيتقىنا قەدىرلىك ئاي، مەن ئۇنىڭ يىگىتى، ئۇنى ئىزدەپ ئېتىم بىلەن ئۈچ يىل چېپىپ يۈردۈم“.

ئەمما ئاي ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: "ئەي قەدىرلىك شاھزادەم، قېرىنداشىم، ھەقىقەتەن خىجىلمەن. مەن بۇ گۈزەل قىزنى، سىنىڭ گۈزەل مەھبۇبەڭنى كۆرمىدىم، چۈنكى مەن ھەر كۈنى بۇ يەردە بولالمايمەن. بەلكىم مەن كېچىلىرى كۆزەتتە تۇرغان ۋاقتىمدا ئۇ زېمىندا سەير قىلمىغان بولسا كېرەك".

يۇپيۇرۇق ئاي يەنە مۇنداق دەپتۇ: "بىلىڭنى قويۇۋەتمە ئۇبدان قېرىنداشىم، ساڭا بىر چارىنى دەپ بېرەي. سەن بېرىپ شامالدىن سوراپ باققىن، ئۇنىڭ بارمايدىغان يېرى يوق، بەلكىم ئۇ سىنىڭ گۈزەل مەلىكەڭنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشى مۇمكىن".

شۇنىڭ بىلەن شاھزادە غەيرەتكە كېلىپ، ئېتىغا مىنىپ، شامال تەرەپكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ شامالغا ئىلتىجا قىلىپتۇ: "ئەي شامال، سەن ھەر ياقتا كېزىپ يۈرىسەن، كۆپنى كۆرىسەن، ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن رەڭگى قىزىل ھەم ئاق، ساھىبجامال، چاچلىرى قارا ھەم پارقىراق، گۈزەل بىر مەلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ ماڭا ئېيتقىنا، مەن ئۇنىڭ يىگىتى، ئۇ ئوردىدىن يوقاپ كەتكەندىن بېرى تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ ئۇنى ئىزدەۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى".

— شۇنداقمۇ، بىچارە ئوغلانىم! — دەپتۇ شىددەتلىك شامال ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مەن سىنىڭ مەھبۇبەڭنى كۆرگەن، ئۇ دۇنيادا ئەڭ گۈزەل قىز، لېكىن بۇ گۈزەل قىز ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆڭكۈردە بىر خرۇستال جەسەت ساندۇقى بار، مەھبۇبەڭ شۇ يەردە خاتىرجەم ياتماقتا. ھەر كۈنى بىر پالۋان ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۇزلۇكسىز قوغداپ تۇرماقتا.

شامال سۆزىنى تۈگىتىپلا ئورمانلىق قېتىغا كىرىپ كېتىپتۇ، شاھزادە ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ،

ئېتىنى قامچىلاپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ، دەرھال ئاشۇ ئۆڭكۈرگە بېرىپ گۈزەل مەلىكىسىنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ.

شاھزادە جان-جەھلى بىلەن تاغقا يامىشىپتۇ، كۆزلىرى ياشقا تولۇپتۇ. بۇ تاغدا پەقەت يول يوق بولۇپ، ھەممە ياق ئۇچلۇق تاشلار بىلەن قاپلانغان ئىكەن. شاھزادە پۇت-قولىنى تەك ئىشقا سېلىپ ناھايىتى تەسلىكتە تاغ قاپتىلىغا ئاران چىقىپتۇ. كۆتۈلمىگەندە شاھزادىنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ، بىر تال گىياھمۇ ئۈنمىگەن تاقىر سايلىق نامايان بولۇپتۇ. سايلىقنىڭ ئەڭ چېتى قاپقارا ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن باشلىنىدىكەن. شاھزادە ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، قاراڭغۇ، سوغۇق ئۆڭكۈردە ئالتە تۈۋرۈك، تۈۋرۈكتە تۆمۈر ھالقا، ھالقىغا بىر خرۇستال جەسەت ساندۇقى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، جەسەت ساندۇقى شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرىدىكەن، بىر پالۋان جەسەت ساندۇقىنىڭ يېنىدا مىدىرلىماي قاراپ تۇرىدىكەن.

ئۇ مەھبۇبىنى يەنە بىر كۆرۈۋېلىشقا ئالدىراپ، ھېچنېمىگە قارىماي خرۇستال جەسەت ساندۇقىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ.

توساتتىن كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، يەرگە يىقىتىپتۇ. ئۇ بىرىنىڭ: "سەن نېمە ئادەم؟ سىڭلىمنىڭ جەسىتىنى نېمىشقا ئوغرىلىقچە كۆرگىلى كېلىسەن؟" دەپ غەزەپلىك ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپتۇ.

شاھزادە شۇ چاغدىلا ئاندىن شامالنىڭ پالۋانلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆز يېشىنى توختىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپ، يۈزلىرىنى سۈرتۈپ پالۋانغا: "ھۆرمەتلىك پالۋان، قەدىرلىك ئاكا، مەن شاھزادە يېسەي، بۇ خرۇستال ساندۇقتىكى مەلىكە مېنىڭ لايىقىم. مېنى ئۆتكىلى قويغىن، مەن

ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى بىر كۆرۈۋالاي. مەن ئۇنى ئۈچ يىل ئىزدىدىم، ئۇنى بىر كۆرۈۋالغىلى قويغىن» دەپتۇ.

پالۋان ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىغىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ. شاھزادە خرۇستال ساندۇققا يېقىنلاپ كېلىپ، ساندۇقتا ياتقان مەلىكىگە قاراپتۇ، مەلىكە يەنىلا شۇنچە گۈزەل ئىكەن، ئۇنىڭ ئاق ھەم قىزىل رەڭگى، ساھىبجامال رۇخسارى، بولۇپمۇ لېۋىدە قېتىپ قالغان تەبەسسۇمى شۇنچىلىك تونۇش، يېقىملىق بولۇپ، قىلچە ئۆزگەرمىگەنىكەن. شاھزادە خرۇستال ساندۇققا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سۆيۈملۈك مەھبۇبەسى مۇشۇنداقلا مەڭگۈلۈك خوشلاشتىمۇ؟ شاھزادە خرۇستال ساندۇقنى ئىختىيارسىز مۇشتلاپ كېتىپتۇ، توساتتىن «جاراڭگىدە قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ خرۇستال ساندۇق چېقىلىپ كېتىپتۇ، مەلىكە خرۇستال سۇنۇقلىرى بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، تۈۋرۈكتە ئالتە تال ھالقىلا قېلىپ، تەۋرىنىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە بىلەن پالۋان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ، ئەمما كىم بىلسۇن، مەلىكە توساتتىن ئويغىنىپ ئۇلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە يىقىلىپ چۈشكەندە ئۇ يېگەن زەھەرلىك ئالمىنىڭ پارچىسى گېلىدىن يېنىپ چىققان ئىكەن. مەلىكە ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئاندىن ئولتۇرۇپ، ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئەتراپىغا قاراپ، شاھزادە بىلەن پالۋاننى كۆرۈپ: «ۋاي قەدىرلىك ئاكا! مەن نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم ، بۇ يەردە قانچىلىك ئۇخلىدىم؟» دەپ سوراپتۇ پالۋاندىن. «سۆيۈملۈك سىڭلىم، سىز بۇ يەردە بىر يىل ئون ئۈچ كۈن ئۇخلىدىڭىز، بۈگۈن يېسەي بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى ئىغىر ئۇيقۇدىن قۇتقۇزدى» دەپتۇ پالۋان.



شاھزادە يېسەي مەلىكىنى چىقىلىپ كەتكەن جەسەت ساندۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ، ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئاندىن شاھزادە مەلىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەدىردان ئاكىسى بىلەن بىللە ئۆڭكۈردىن چىقىپتۇ؛ يەتتە پالۋاننىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ شۇ يەردە ئارام ئاپتۇ.

يەتتە پالۋان مەلىكىنىڭ تىرىلگەنلىكىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپتۇ، ئۇلار دەرھال مەلىكىنىڭ بۇرۇنقى ھۇجرىسىنى تازىلاپ، ئۇنى ئارام ئېلىشقا ئۇندەپتۇ. ئەمما مەلىكە: ”مەن ناھايىتى ئۇزاق ئۇخلاپتىمەن، سىلەر ھەر كۈنى ماڭا ھەمراھ بولۇپسىلەر، سىلەرگە قانداق رەھمەت ئېيتسام بولار. بۈگۈن ھەممىڭلار ئارام ئېلىڭلار، مەن سىلەرگە تاماق ئېتىپ، ھاراق ئىسسىتىپ بېرەي. بۈگۈن بىز قانغۇدەك ئىچىپ مەست بولايلى، چۈنكى مەن ئەتە يىگىتىم بىلەن بىللە كېتىمەن، سىلەر بىلەن ئەمدى بىللە بولالمايمەن“ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئاشخانىغا كىرىپ تاماق ئېتىپتۇ، پالۋانلار بىلەن شاھزادە ئۆيدە سۆھبەت قۇرۇپ ھاراق ئىچىپتۇ. ئاندىن مەلىكە تاماقلارنى ئەكىلىپ، پالۋانلار بىلەن بىللە ھاراق ئىچىپتۇ، ھەر بىر پالۋان بىلەن ئۈچ رومكىدىن ئىچىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى كۆرسەتكەن غەمخورلۇقى ۋە مۇھەببىتىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ: "قەدىردان ئاكىلار، سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن ، ھەممىڭلار سەممىمي، ئاق كۆڭۈل، باتۇر كىشىلەر؛ ھەممىڭلار ھەقىقي ئەركەك" دەپتۇ. بۇ كۈنى ئۇلار تۈنەك بولغىچە خۇشال-خۇرام ئىچىشىپتۇ. بۇ ئاخشىمى توققۇزەيلەننىڭ ھەممىسى خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى شاھزادە يېسەي مەلىكىنى ئېلىپ خان ئوردىسىغا قايتىپتۇ. يەتتە پالۋان مەلىكىنى ئورمانلىقتىن چىققىچە ئۇزىتىپ، ئايرىلىشقا كۆزلىرى قىيماستىن توختاپ، سۆيۈملۈك سىڭلىسىنىڭ گۈزەل سىماسى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە غايىب بولغىچە قاراپ تۇرۇپتۇ.



شاھزادە مەلىكىنى باشلاپ، يول بويى ئۇنىڭ بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ مېڭىپتۇ. مەلىكىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكى، ئوردىغا دەرھال يېتىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر پايتەختكە تېزدىن يېتىپ بېرىپتۇ، پايتەختتىكى كىشىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ،

شەھەر دەرۋازىلىرىدىن يۇگۈرۈشۈپ چىقىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ مەلىكىنى قارشى ئاپتۇ، ھەممىسى مەلىكىنىڭ گۈزەل تەبەسسۇمىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. مەلىكە كىشىلەرنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە شەھەرگە كىرىپتۇ.

بۇ كۈنى رەزىل خانىش ئازراق ئىچىۋالغان بولۇپ، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، سۆيۈملۈك ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇنيادا كىمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.



ئەينەكنىڭ جاۋابى ئۇنى قاتتىق تېرىكتۈرۈپتۇ:

— سۆيۈملۈك خانىشىم، سىنىڭ گۈزەللىكىڭگە گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما مەلىكە ھەممىدىن گۈزەل، ھەممىدىن ئاق ھەم قىزىل.

خانىش ئىچىۋالغاچقا، ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ئەينەكنى يەرگە ئېتىپ چۇل-چۇل قىلىۋېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ مەلىكىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە، ئەينەكنىڭ بۇ قېتىم ئۆزىنى ئالدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

— ھۇي لەنىتى ئەينەك، ماڭا يالغان سۆزلەشكە قانداق پېتىندىڭ! — دەپتۇ خانىش ئەينەكنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنى

تىللىغاچ تالاغا مېڭىپتۇ. مەلىكە بىلەن شاھزادە دەل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقانىكەن، خانىش ھاڭ-تاڭ قاپتۇ، ئەرۋاھقا يولۇقتۇمۇ نېمە دەپ ئويلاپ، قورقۇنچتىن دەرھال بىر ياققا قېچىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ھۇجرىسىدا يېتىۋېلىپ: "مەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال، مەن ھەممىدىن چىرايلىق، ھەممىدىن ئاق ۋە قىزىل" دەپ توۋلاپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۆلۈپتۇ.

پادىشاھ شاھزادە يېسەي بىلەن مەلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كېسىلمۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ تويىغا تەييارلىق قىلىشقا، دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك توي ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شاھزادە يېسەي گۈزەل مەلىكىنى ئېلىپ چېركاۋغا بېرىپتۇ. ئۇلار تەڭرى ئالدىدا قەسەم بېرىپ ئەر-خوتۇن بولۇشۇپتۇ ھەممە ئىناق ياشاپ، ئۆمرىنى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.



[General Information]
书名=普希金　维吾尔文
SS号=40282290